ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدى

# ئىسلام نېمىگە چاقىرىدۇ؟

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدى

# ئىسلام نېمىگە چاقىرىدۇ؟

تەرجىمە قىلغۇچى: ت. شەھىدى

تەھرىرى: ئابدۇلجېلىل تۇران

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

أبو الأعلى المودودى

إلى أي شيئ يدعو الإسلام

# ئىسلام نېمىگە چاقىرىدۇ؟

ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدى

تەرجىمە قىلغۇچى: ت. شەھىدى

تەھرىرى: ئابدۇلجېلىل تۇران

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

2003 - يىل 12 - ئاي ئىستانبۇل

## مۇندەرىجە

مۇئەللىق ھەققىدە ........ 5
مۇقەددىمە ........ 13
ئىسلام نېمىگە چاقىرىدۇ؟ ........ 15
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالاھىدىلىكى ........ 18
ھەممە پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىمىز، لېكىن ........ 21
ئىنسان پەيغەمبەرلەرسىز ئېرىشەلمەيدىغان ئىلىم ........ 26
پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى ........ 30
ئىسلامنىڭ ئاساسى تۇرغۇزۇلىدىغان ئەقىدىلەر ........ 35
1 - ئاللاھقا ئىشىنىش ........ 35
2 - پەيغەمبەرلەرنىڭ رىسالەت ۋەزىپىسىگە ئىشىنىش ........ 41
3 - ئاخىرەتكە ئىشىنىش ........ 48
ئاخىرەتكە ئىشىنىشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ ئەقىدە ........ 53
ھاياتلىقتا ئىسلامىيەتنىڭ ئەخلاق جەھەتتىكى
نۇپۇز دائىرىسى ........ 57

## مۇئەللىپ ھەققىدە

بۈيۈك ئالىم، ئىسلام پەيلاسوپى ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدى يېقىنقى زامان ئىسلام دەۋەت يولىدا چاقنىغان بىر يۇلتۇز بولۇپ، ئۇ ھازىرقى دەۋردە ئىسلام دەۋىتىنى قانداق ئېلىپ بېرىش، قايسى ئۇسۇلدا ۋە نېمىلەرگە تايىنىپ ئېلىپ بېرىش قاتارلىق بىر يۈرۈش ئۆزۈملۈك ئۇسۇل - چارىلەرنى كۆرسىتىپ بەردى.

ئۇ 1903 - يىلى ھىندىستاننىڭ ھەيدەر ئاباد ۋىلايىتى ئورۇڭ ئاباد شەھىرىدە ئىلىم مەرىپەتلىك بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا ئىلىمگە ھېرىسمەن بولۇپ، ئەرەب تىلى، قۇرئان كەرىم ئىلمى ۋە ھەدىس شەرىپ ئىلمى قاتارلىق ئىلىملەرنى ئۆگەنگەن. ئۇ 16 يېشىدا مالىكى مەزھىبىنىڭ ئاساسلىق كىتابى بولغان " مۇۋەتتاء " ھەدىس كىتابىنى پىششىق ۋە تولۇق ياد ئېلىپ بولغان.

ئۇ 17 يېشىدىن باشلاپ بانكور شەھىرىدە چىقىدىغان شەھەر (ئەلمەدىنە) ناملىق گېزىتتە ئىشلىگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن گىلبوردا چىقىدىغان " تاج " گېزىتىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يېڭى دېھلىگە بېرىپ ھىندىستاننىڭ مۇپتىسى شەيخ كىپايەتۇللاھ دېھلەۋي بىلەن كۆرۈشۈپ سۆھبەتتە بولغان.



ئۇنىڭ زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلىكى ۋە كىچىك تۇرۇپلا نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگىنىپ بولغانلىقىنى بايقىغان كىفايەتۇللاھ ئۇنى ئۆلىمالار جەمئىيىتى نامىدىن يېڭى دېھلىدا چىقىدىغان "مۇسۇلمانلار" ناملىق ھەپتىلىك گېزىتكە مۇھەررىر قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۇ 23 يېشىدىن باشلاپ ھەرخىل گېزىت - ژۇرناللاردا ئۆزىنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدۇرۇشقا باشلىغان. ئۇنىڭ يازغان ماقالىلىرى جەمئىيەتتىكى ناچار قىلىقلار، دىنسىزلىقنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشى قاتارلىق يامان ئىشلارغا ئۆزۈملۈك دورا بولغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ "ئىسلامدىكى جىھاد"، "ئاللاھ يولىدىكى جىھاد" ناملىق ئەسەرلىرى كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ ئەسەرلەر شۇ ۋاقىتتىكى ئەنگىلىيە مۇستەملىكچىلىرىنى ئالاقزادە قىلىۋەتكەن. چۈنكى ئۇنىڭ بۇ ئىككى ئەسىرى مۇسۇلمانلارنى ئەنگىلىيە مۇستەملىكچىلىرىگە قارشى جىھاد قىلىشقا چاقىرغان. مىسىردىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ئۇنىڭ بۇ ئىككى ماقالىسىنى جۇغلاپ چوڭ ئىككى كىتاب قىلىپ بارلىق ئۇيۇشما ئەزالىرىنىڭ ئۇ ئىككى كىتابنى داۋاملىق ئوقۇپ تۇرىشىنى تەۋسىيە قىلغان. تەپسىرشۇناس ئالىم شەھىد سەييىد قۇتۇبمۇ ئەبۇ لئەئلا مەۋدۇدىنى دەۋرىمىزدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن مەشھۇر ئالىم دەپ تەرىپلىگەن. بۈيۈك پەيلاسوپ شائىر مۇھەممەد ئىقبال مۇسۇلمان ياشلىرىنى داۋاملىق ئۇنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇپ تۇرۇش تەشەببۇسىدا بولغان.

ئۇ 1932 - يىلدىن باشلاپ "قۇرئان تەرجىمىسى" ناملىق ئايلىق ژۇرنال چىقىرىشقا باشلىغان. ئۇ بۇ ژۇرنالنى چىقىرىش

ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى ئۆزىنىڭ ئەسلى مەنبەسى بولغان قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپكە ماس ھالدا كىشىلەرگە تونۇشتۇرۇش، ئىسلام دىنىغا زىت بولغان غەرب پىكىر - ئېقىملىرىغا قارىشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان.

1938 - يىلى ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدى ھىندىستاننىڭ ھەيدەر ئاباد دېگەن شەھىرىدىن پاكىستاننىڭ لاھۇر شەھىرىگە كۆچۈپ كەلگەن. 1941 - يىلى لاھۇردا "ئىسلام جامائىتى" ناملىق تەشكىلات قۇرغان ۋە بۇ تەشكىلاتنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان. ئۇ مۇشۇ جەرياندا ھىندىستان، پاكىستان قاتارلىق جايلاردىكى ئەنگلىيە كۈچلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ۋە دۈشمەنلىك قىلىشىغا ئۇچرىغان. ئۇ ئاشۇنداق ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا باش ئەگمەي ئۆزىنىڭ قېرىنداش، سەپداشلىرى بىلەن بىرگە بۇتپەرەس ھىندوسلار ۋە غەربپەرەس زىيالىلارغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بارغان.

1947 - يىلى پاكىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، بىر قىسىم ئىمانى سۇس كىشىلەر دۆلەت بېشىغا چىقىۋالغان ئىدى. شۇڭا ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدى ھەرقاچان كىشىلەرگە نۇتۇق سۆزلىسە، پۈتۈن دۆلەت سىستېمىسى ۋە ئىدارە ئورگانلاردا ئىسلام دىنىنى تەدبىقلاشنى ۋە پۈتۈن قانۇن - نىزاملارنى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپتىن ئېلىشنى تەلەپ قىلغان. مۇشۇ سەۋەبتىن پاكىستان ھۆكۈمىتى ئۇنى ياردەمچىلىرى بىلەن قوشۇپ تۈرمىگە تاشلىغان. 1950 - يىلى خەلقنىڭ قارشىلىقى سەۋەبىدىن ھۆكۈمەت ئۇنى قويۇپ بەرگەن.



ئۇ ھەقىقىي بىر مۇجاھىد ۋە دەۋەتچى بولۇپ، كىشىلەرنى بىدئەد ۋە خۇراپاتلىقتىن خالىي ساپ ھەقىقىي ئىسلام دىنىغا چاقىراتتى. غەرب پىكىر ئېقىملىرى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە ئىلمىي يوسۇندا مۇنازىرە ئېلان قىلىپ، ئۇلارنىڭ داۋا قىلىۋاتقان يالغان - ياۋىداق، كىشىلەرنى ھالاكەتكە باشلايدىغان پىكىرلىرىگە ئەجەللىك زەربە بېرەتتى. غەرب جاھانگىرلىرىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن ئىسلام ئەللىرىدە ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان مىللەتچىلىك ۋە دىنسىزلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن قاتتىق ئاگاھلاندۇراتتى.

ئۇ ئىنسانىيەت دۇنياسىنى، بولۇپمۇ ئىسلام دۇنياسىنى ئىسلام دىنىدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىنىڭ بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرەلمەيدىغانلىقىنى تەكىتلەپ كەلگەن. ئەبۇل ھەسەن نەدەۋىي مۇنداق دەيدۇ: " ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدى ھازىرقى زامان ئىسلام پەيلاسوپلىرىدىن بىرى بولۇپ ، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە ئۇلار ياشاۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ مۇسۇلمانلارغا نېمە قىلىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

مەۋدۇدى ئىسلام ئەقىدىلىرىنى قاتتىق مۇداپىئە قىلغان بولۇپ، پاكىستاندىكى قادىيانى سۇلۇكى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلغان. بۇ سۇلۇكنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچى كىشىلەرنىڭ كاپىر ئىكەنلىكى توغرىسىدا پەتىۋا بەرگەن. مەۋدۇدىنىڭ بۇ پەتىۋاسى سەۋەبىدىن پاكىستان ھۆكۈمىتى، 1953 - يىلى ئۇنىڭغا ئۆلۈم

جازاسى ھۆكۈم قىلغان، بۇنى ئاڭلىغان پۈتۈن ئىسلام دۇنياسى نامايىش قىلىپ، پاكىستان ھۆكۈمىتىدىن بۇ ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە ئۇنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. مۇسۇلمانلارنىڭ ھەيۋىسىدىن قورققان پاكىستان ھۆكۈمىتى ئۆلۈم جازاسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنى ياردەمچىلىرى بىلەن بىرگە قويۇپ بەرگەن.

پەيلاسوپ ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدى ياشلارغا نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: " ئى ياشلار! 21 - ئەسىرنى ئىسلام ئەسىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىڭلار، غەرب مەدەنىيىتى گۇمران بولۇپ يوقىلىدۇ. ئىسلام مەدەنىيىتىنى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئورنىغا چىقىرىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىڭلار، سىلەر كىشىلەرنى ئىسلامغا چاقىرىشتا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىڭلار، ئالدىراقسانلىق قىلىپ قويماڭلار، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشتە قورال - ياراق، كۈچ ئىشلەتمەڭلار، مەخپىي تەشكىلات قۇرماڭلار، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئالدىراقسانلىق بولۇپ، پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ، ئۆتكۈنچە شامالدەك ئۆتۈپ كېتىدۇ. سىلەر ئىلمىڭلار، ئەدەپ - ئەخلاقىڭلار، ئەمەلىي ئىش - ئىزلىرىڭلار ۋە گۈزەل گەپ - سۆزلىرىڭلار بىلەن كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا چاقىرىڭلار، ئاسانلاشتۇرۇڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار. مانا مۇشۇنداق قىلساڭلار كىشىلەر چىن دىلىدىن ئىشىنىپ، رازى بولۇپ، ئىسلام دىنىغا كىرىدۇ. " مانا بۇ ھازىرقى دەۋردىكى ئىسلام جىھادى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.



مەۋدۇدى دەۋەت يولىدا كۈچ ئىشلىتىشنى خالىمايتتى. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئاشۇرماي تۇرۇپ دەۋەت دۈشمەنلىرىگە قارشى كۈچ ئىشلىتىلسە، نەتىجىسى بولمايدۇ دەپ قارايتتى.

ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا مۇسۇلمانلارنى مۇشرىكلار بىلەن قوراللىق ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرىمىغان، چۈنكى ئۇ چاغلاردا مۇشرىكلار كۈچلۈك، مۇسۇلمانلار ئاجىز ئىدى. ئەگەر ئۆز ئارا ئۇرۇش بولۇپ قالسا مۇسۇلمانلار كۆپ قىرىلىپ كېتەتتى. ئەمما مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار سان جەھەتتە كۆپەيدى، كۈچى زورايدى. ئاندىن كېيىن مۇسۇلمانلارغا قوراللىق ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلىندى."

ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدى كەڭ دائىرىلىك كاتتا ئالىم بولۇپ، ھەرخىل ساھەدە ھەرخىل ئەسەر يازغان. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە 70 خىلدىن ئارتۇق ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئىچىدە "ئىسلامنىڭ پىلانلىق توغۇتقا بولغان كۆز قارىشى"، "مىللەتچىلىك ۋە ئىسلام بىرلىكى"، "بۈگۈنكى ئىسلام"، "ئىسلام ھۆكۈمىتى"، "ئىسلامدىكى ھايات پەلسەپىسى"، "ئىسلام قانۇنى ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش يولى"، " ئىسلام دۇنياسىنى قۇرۇپ چىقىشتا مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلارنىڭ رولى"، "قۇرئاننى چۈشەندۈرۈش" ناملىق تەپسىرى قاتارلىق ئەسەرلىرى ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئۇ يۇقىرىقىدەك جان - پىدالىق بىلەن ئىشلەپ، ئىسلام دەۋەت يولىدا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، 1979 - يىلى خەلقئارالىق پەيسەل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئۇلۇغ ئالىم، مۇتەپەككۇر ئىسلام پەيلاسوپى ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدى 1979 - 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى نيۇ يورك شەھىرىدىكى بىر دوختۇرخانىدا 76 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ جەستى پاكىستانغا يۆتكەپ كېلىنىپ شۇ يەردە دەپنە قىلىنغان.

تەرجىمە قىلغۇچىدىن

## مۇقەددىمە

مەن بۇ تەتقىقاتىمنى 1976 - يىلى لوندوندا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا ئىسلام قۇرۇلتىيىدا ياۋروپا ئىسلام ئەزالىرىنىڭ تەلىۋىگە بىنائەن يازغان ئىدىم. ئەپسۇسكى، سالامەتلىكىم ياخشى بولماي قېلىپ قۇرۇلتايغا قاتنىشالماي، بۇ تەتقىقات ئەمگىكىمنىڭ مېۋىسىنى مەزكۇر قۇرۇلتاي ئەربابلىرىغا تەقدىم قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن ئىدىم. لېكىن بۇ تەتقىقات كېيىنكى يىلى لوندوندىكى " royal commonwealth society " دېگەن يىغىن زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن قۇرۇلتايدا لېكسىيە قىلىنغان. تۆۋەندە مەن بۇ تەتقىقاتىنىڭ ئەرەب ئىسلام دۆلەتلىرى جەمئىيىتىنىڭ باش سېكرېتارى خېلىل ئەھمەد ھامىدى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئەرەبچە نۇسخىسىنى دىققىتىڭلارغا سۇنىمەن.

بۇ تەتقىقات ئىسلامنىڭ ئۈچ ئاساسى ئەقىدىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى بۇ تەتقىقات ئاساسەن غەيرى مۇسۇلمان ئەللىرىگە قارىتىلغان. شۇ سەۋەبلىك مەن بۇ تەتقىقات جەريانىدا ئىسلامدىكى ئۈچ ئاساسى ئەقىدە ئۈستىگە دىققىتىمنى مەركەزلەشتۈرۈشنى لايىق كۆردۈم. بۇ ئۈچ ئاساسى ئەقىدە، ئاللاھقا ئىشىنىش، پەيغەمبەرگە ئىشىنىش، ئاخىرەتكە ئىشىنىشتىن ئىبارەت. بۇ ئۈچ ئاساسى ئەقىدىگە ئىشەنگەن ھەرقانداق كىشى قەتئىي ھالدا ئىسلامنىڭ پەرىشتەلەرگە



ئىشىنىش، قازا ۋە قەدەرگە ئىشىنىشتەك ئىدېئولوگىيىلىك ئەقىدە پرىنسىپلىرىغا ھەم ئىشەنمەي قالمايدۇ.

مېنىڭ ئىسلامدىكى بۇ ئۈچ ئەقىدىنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا ئىلاھ، پەيغەمبەر، دۇنيا ۋە ئاخىرەتكە ئالاقىدار مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالغانلىقىمنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، ئىسلامنىڭ ئىنسانلارغا سۇنغان ئەقىدە جەھەتتىكى ئىدىيىسىنى، ئەخلاق ئۆلچىمىنى، شەرىئەت پرىنسىپلىرىنى، ئىجتىمائىي غايىسىنى ئىنسانلار ئۆزلىرى ئىختىرا قىلغان ئىدېئولوگىيىلىك ئېقىم ۋە نەزەرىيىۋىي كۆز قاراش، شۇنىڭدەك باشقا سەماۋىي (يەھۇدى ۋە خىرىستىئان) دىنلىرى ئوتتۇرىغا قويغان ئېقىم مەسىلىلىرى بىلەن توغرا، دۇرۇست سېلىشتۇرۇپ، ئىسلامنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ۋە ئەسلى قىياپىتىنى توغرا چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىشى ئۈچۈن، كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ تەرجىمانى سۈپىتىدە ئىجابى ئۇسۇل بىلەن توغرا رەۋىشتە تىلغا ئېلىپ، غەرب ئەللىرىگە سونۇشقا تىرىشتىم.

ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدى

لاھور پاكىستان

## ئىسلام نېمىگە چاقىرىدۇ؟

- ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام زامانىدىن باشلاپ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ سەماۋىي دىنى ئىسلام دىنى.

1 - بىز سۆزىمىزنىڭ بېشىدىلا ئىسلام دىنى بىزنىڭ ئەقىدىمىزدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلامنى تۇنجى قۇرغۇچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىققان يېڭى دىنىنىڭ ئىسمى ئەمەسلىكىنى ئېنىقلىۋېلىشىمىز لازىم. چۈنكى جانابى ئاللاھ بىزگە بۇ ھەقىقەتنى ئۆزىنىڭ روشەن كىتابى قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مەن (ئاللاھ ئىنسانلارنى تەۋھىدكە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن) تۇنجى پەيغەمبەر ئەمەسمەن(مەن، مەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ۋەھى بىلەن كەلدىم).» (سۈرە ئەھقاف 9 - ئايەت)

ئۇ دىن بولسا پەقەت (ئىنسانلارنىڭ جانابى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە تامامەن بويسۇنۇش دېگەن ئۇقۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) ئىسلام دىنىدۇر. قۇرئان كەرىمدە جانابى ئاللاھ ئىنسانلارغا تارىختىن بىرى پەقەت بىرلا دىننى ئەۋەتكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «(تارىختىن بىرى)كىتاب بېرىلگەنلەر پەقەت ئۆزلىرىگە روشەن دەلىل كەلگەندىن كېيىنلا ئىختىلاپ قىلىشتى. ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) ئاللاھقىلا ئىبادەت



قىلىشقا بۇيرۇلدى.» (سۈرە بەييىنە 4 - 5 - ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى) دەپ بايان قىلغان بولسا، يەنە باشقا بىر يەردە: «ئېيتىڭلاركى، " ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغان ۋەھىگە، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان ۋەھىگە، مۇساغا بېرىلگەن (تەۋراتقا)، ئىيساغا بېرىلگەن (ئىنجىلغا) ۋە پەيغەمبەرلەرگە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بېرىلگەن (كىتابلارغا) ئىمان ئېيتتۇق، ئۇلاردىن ھېچ بىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز. بىز ئاللاھقا بويسۇنغۇچى (مۇسۇلمانلار) دۇرمىز."» (سۈرە بەقەرە 136 - ئايەت) دەيدۇ. شۇنىڭدەك، يەنە بىر ئايەتتە: «ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنىدۇر) كىتاب بېرىلگەنلەر پەقەت ئۆزلىرىگە ئىلىم كەلگەندىن كېيىنلا ئۆز ئارا ھەسەت قىلىشىپ ئىختىلاپ قىلىشتى. (يەنى ئىسلامنىڭ ھەقلىقىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى روشەن پاكىتلار ئارقىلىق بىلىپ تۇرۇپ، كۆرەلمەسلىكتىن ئىنكار قىلىشتى)، كىمكى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلىدىكەن، (ئاللاھ ئۇنى يېقىندا جازالايدۇ.) ئاللاھ تېز ھېساپ ئالغۇچىدۇر.» (سۈرە ئال ئىمران 19- ئايەت). جانابى ئاللاھنىڭ ئەلمىساقتىن بىرى زېمىن يۈزىدىكى ئوخشاش بولمىغان يەرلەردە، ئوخشاش بولمىغان خەلق ۋە قەۋملەرگە ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن دىنىنى، بىز ئۆزىمىز نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى دەپ ئاتىۋالغان بولساقمۇ، مەزكۇر پەيغەمبەرلەردىن ھېچ بىرى ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن دىننى ھېچقاچان ئۆزلىرىگە خاس دىن قىلىۋالغان ئەمەس، بەلكى

ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز خەلقىنى چاقىرغان دىن ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ئۆز خەلقىنى چاقىرىپ كەلگەن دىن (يەنى ئىسلام دىنىنىڭ) دەل ئۆزى ئىدى. بۇ ھەقىقەتنى جانابى ئاللاھ ئۆز پەيغەمبەرلىرىنىڭ تىلى بىلەن بىزگە مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئىبراھىم ۋە يەئقۇب ئۆز ئوغۇللىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ: "ئى ئوغۇللىرىم! ئاللاھ سىلەرگە مۇشۇ دىننى (يەنى ئىسلام دىنىنى) تاللىدى، پەقەت مۇسۇلمان پېتىڭلارچە ئۆلۈڭلار" دېدى. يەئقۇب جان ئۈزۈۋاتقان ۋاقتىدا سىلەر يېنىدا بارمىدىڭلار؟ شۇ چاغدا يەئقۇب ئوغۇللىرىدىن: "مەن ئۆلگەندىن كېيىن سىلەر كىمگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟" دەپ سورىدى. ئۇلار: "سېنىڭ ئىلاھىڭ ۋە ئاتا - بوۋىلىرىڭ ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاقلارنىڭ ئىلاھى بولغان بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچى (مۇسۇلمانلار) دۇرمىز" دېدى.» (سۇرە بەقەرە 32 - 33 - ئايەتلەر)



## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالاھىدىلىكى

2 - پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەردىن پەرقلىق بىر قانچە ئالاھىدە سۈپەت ۋە ئىمتىيازغا ئىگە مۇستەسنا زاتتۇر.

1 - ئۇ، جانابى ئاللاھ ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ خاتىمى، ئەڭ ئاخىرقىسى ۋە تۈگەنجىسىدۇر.

2 - جانابى ئاللاھ بۇرۇن ئۆتكەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەر چاقىرىپ كەلگەن ئۆز دىنىنىڭ ئاساسى ۋە جەۋھىرىنى ئۇ زاتنى ئەۋەتىش بىلەن يېڭىلىدى.

3 - جانابى ئاللاھ، ئۇ ئېلىپ كەلگەن دىننى ئىنسانلار ئوخشاش بولمىغان دەۋر ۋە باسقۇچلاردا ئۆزلىرى تەرىپىدىن ئىختىرا قىلىپ ئويدۇرۇپ چىقارغان ھەر خىل دىن ۋە ئىدىيەۋىيلىك كۆز قاراشلارنىڭ تەسىرىدىن تازىلاپ، ئۇ زات ئارقىلىق پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئىسلامنىڭ ئەسلى قىياپىتى ۋە ھەقىقي ماھىيىتىنى ئېچىپ بەردى.

4 - جانابى ئاللاھ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن مەيلى نەبىي بولسۇن ياكى رەسۇل بولسۇن، ھېچقانداق بىر كىشىنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتمەيدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ زات ئېلىپ كەلگەن رىسالەت نۇرىنى قىيامەتكىچە پۈتۈن دەۋر ئىنسانلىرىغا ئۆچمەس نۇرانە ھىدايەت مەشئىلى

قىلىپ بەرگەن. ئۇ زاتقا ئەۋەتكەن كىتاب يەنى مۇقەددەس قۇرئان كەرىمنى ئۆز دەرگاھىدىن قانداق نازىل قىلغان بولسا شۇ پېتى ساقلاپ، ھېچقانداق بىر ئۆزگىرىش ۋە ئۆزگەرتىشكە ئورۇن قالدۇرمىغان. ئۇنىڭ ھەقىقەت نۇرلىرىنى زاماننىڭ ئۆتىشى، پەن - تەرەققىياتنىڭ ئىلگىرىلىشى بىلەن ئۆزىنىڭ تېخىمۇ پارلاق ھەقىقەت دۇردانىلىرىنى نامايەندە قىلىدىغان ئالەمشۇمۇل نۇر مەنبەئى ۋە ھىدايەت چىرىغى قىلغان.

5 - ئۇ زاتنىڭ ھايات پائالىيىتى، تەرجىمىھالى ۋە پۈتۈن سۆز - ھەرىكىتى ساھابى كىراملار ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى ھەدىسشۇناس ئالىملارنىڭ زور ئەمگىكى بىلەن تولۇق ساقلىنىپ كەلگەن. بونداق ئەھۋال ئىنسانىيەت تارىخىدا پەيغەمبىرىمىزدىن باشقا ھېچقانداق بىر شەخسكە نېسىپ بولغان ئەمەس. نېسىپ بولغان دېگەندىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدەك ئىش - ئىزلىرى ئۇنداق تۇغۇلغاندىن باشلاپ تا ۋاپات بولغانغا قەدەر پۈتۈن ھايات پائالىيىتى ۋە سۆز - ھەرىكىتى سۆزمۇ سۆز، قەدەممۇ قەدەم ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىپ، ھەممىگە يېتەكچى ۋە ھىدايەت چىرىغى بولۇپ كەلگەن ئىككىنچى بىر مۇستەسنا شەخس بولغان ئەمەس.

6 - باشتا مۇقەددەس قۇرئان كەرىم، ئاندىن ئۇ قۇرئاننىڭ ھەقىقىي تەرجىمانى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش - ئىزلىرىدىن ئىبارەت ھايات پائالىيىتى ۋە سۆز ھەرىكىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان توغرا ۋە دۇرۇستلۇق جەھەتتە ئەڭ ئىشەنچىلىك مەنبە بىلەن تولۇپ تاشقان ۋە جانابى



ئاللاھنىڭ بۇ مۇقەددەس دىنى، يەنى ئىسلام دىنىنىڭ پىراكتىكا ھاياتتىكى ئەمەلىي پائالىيەتچانلىقىنى ئېچىپ بېرىشتە ھەم ئۇ دىن كۆرسەتكەن ھىدايەت ۋە توغرا يولنىڭ قانداق يول ئىكەنلىكىنى بىلىشتە، شۇنىڭدەك، بۇ دىنىنىڭ بىز بەندىلەردىن نېمىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشتە ئەڭ ئىشەنچىلىك ۋە ئەڭ توغرا مەنبە بولغان مۇبارەك سۈننەتتۇر.

## هەممە پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىمىز، لېكىن (دىنى پرىنسىپ ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى) پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئالىمىز

3 - ھېچ شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن كېلىپ ئۆتكەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە، مەيلى ئۇ پەيغەمبەرلەر قۇرئان كەرىمدە زىكىر قىلىنغان بولسۇن مەيلى زىكىر قىلىنمىغان بولسۇن ئومۇمەن ھەممىسىگە شەكسىز ئىشىنىشىمىز قەتئىي ۋاجىپتۇر. بۇ ھەقىقەتنى جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىدۇ: «سەندىن ئىلگىرى بىز ھەقىقەتەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ساڭا بايان قىلىپ بەرگەنلىرىمىزمۇ بار، بايان قىلىپ بەرمىگەنلىرىمىزمۇ بار.» (سۈرە غاپىر 78 - ئايەت) يەنە بىر ئايەتتە بۇ ھەقىقەتكە تېخىمۇ ئېچىلىپ كىرىپ مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار) "ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھېچ بىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز، (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز) " دەيدۇ.» (سۈرە بەقەرە 285 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى). بۇ (يەنى پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ئورتاق ئىشىنىش) پرىنسىپى بىزنىڭ مۇقەددەس ئەقىدىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ، بۇ پرىنسىپسىز ئىمانىمىز تولۇق ئىمان بولالمايدۇ. لېكىن ھىدايەتكە پەقەت مۇھەممەد



ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتى بىلەن ئېرىشەلەيمىز. بۇ تەرەپبازلىق ياكى ئەسەبىيەتلىك قىلغانلىق ئەمەس. بۇنىڭ ھەقىقىي سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 - پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى ۋە ئاخىرى، شۇ سەۋەبلىك ئۇ جانابى ئاللاھ تەرەپتىن ئېلىپ كەلگەن شەرىئەت پرىنسىپلىرى پۈتۈن پرىنسىپ ۋە تەلىماتلارنىڭ خۇلاسىسى ۋە ھەممىنىڭ جەۋھىرى.

2 - جانابى ئاللاھنىڭ سۆزى مۇقەددەس قۇرئان كەرىم ۋاستىسى بىلەن بىزگە تولۇق ۋە مۇكەممەل يەتكۈزۈلدى. ئۇ شۇنداق بىر سۆزكى، ئۇنىڭغا نە ئىنسان سۆزى نە شەيتان سۆزى ئەسلا ئارىلىشىپ قالغان ئەمەس. ئۇ ھەر قانداق غەيرى ئىلاھىي سۆزدىن خالىي، ساپ مۇقەددەس سۆزدۇر. ئۇ سۆزنىڭ ئەسلى لۇغىتى ساقلانغان، مىلىيونلارچە ئىنسان شۇ لۇغەت بىلەن سۆزلىشىدۇ، كىتاب يېزىشىدۇ، ئۆز ئارا چۈشىنىشىدۇ، پىكىر ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرىدۇ. ئۇ دۇنيادا ئاساسلىق تىل قاتارىدىن ئالاھىدە ئورۇن ئالغان ئەدەبىي تىل بولۇپ، قائىدە - پرىنسىپ، مەنە ۋە ئۇسلۇب، شىۋە - لەھجە ۋە يېزىق شەكلى ئەسلا ئۆزگەرمەي بىرلا ھالەتنى ساقلاپ كەلگەن.

3 - خۇددى باشتا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۇغۇلغاندىن باشلاپ ۋاپات بولغانغا قەدەر پۈتۈن ھايات پائالىيىتى، سۆز - ھەرىكىتى، ئەدەپ - ئەخلاقى، مۇئامىلە ۋە ئىش - ئەمەلى ئەڭ ئىنچىكىلىك ۋە ئەڭ توغرا يول بىلەن تولۇق خاتىرلىنىپ ساقلىنىپ كەلگەن. مانا بۇ ئالاھىدە ئىمتىياز ۋە

يۇكسەك پەزىلەتلەر پەقەت بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خاس ئالاھىدىلىك بولۇپ، ئۇ زاتتىن باشقا ھېچبىر پەيغەمبەر بۇ ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئېرىشكەن ئەمەس.

4 ـ شۈبھىسىزكى، ئەقىدىمىزنىڭ تەلىۋى بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رىسالىتى پۈتۈن دۇنيا كىشىلىرىگە ئام ۋە قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگە، زامان، ماكان ۋە مۇھىت بىلەن چەكلىنىپ قالمايدىغان ئالەمشۇمۇل رىسالەت. بۇ سۆزىمىزنىڭ ئاساسىنى تۆۋەندىكى قۇرلاردا روشەن كۆرىۋالالايمىز:

1 ـ قۇرئان كەرىم سۈرە ئەئراپ 158 ـ ئايەتتە بۇ ھەقىقەت مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ : «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، "ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان ئەلچىسى ئۇممى پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار"».

2 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشى مەنتىقىي زۆرۈرىيەت بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ رىسالەت ۋەزىپىسىنىڭمۇ ئەڭ ئاخىرقى رىسالەت بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر بولۇشىنى ئەقلىي ھۆكۈم بويىچە



مۇلاھىزە قىلغاندىمۇ ئۇ پەيغەمبەرنىڭ رىسالىتى بىردىنبىر توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى بولۇشىنى، پۈتۈن ئىنسانلارغا قارىتىلغان بولۇشىنى، بىرەر ماكان ياكى بىرەر زامان بىلەن چەكلىنىپ قالمايدىغان بولۇشىنى لازىم تۇتىدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ: «سېنى بىز پەقەت پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە (كاپىرلارنى ئازاب بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.» (سۈرە سەبەء 28 ـ ئايەت)

3 ـ ئىنسانىيەت توغرا يولنى تاللاشقا مۇھتاج بولۇپ، ھەيرەتتە قالغاندا، تاللاشقا ۋە ئىختىيار قىلىشقا سازاۋەر ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ ئېپتىخارلىق ھىدايەت يولى ئۇ زاتنىڭ قولى بىلەن كامالەتكە يەتكەن. بۇ ھەقىقەتنى جانابى ئاللاھ مۇنداق بايان قىلىدۇ: «بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم.» (سۈرە مائىدە 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) بۇمۇ مەنتىقى زۆرۈرىيەتلەرنىڭ جۈملىسىدىن. چۈنكى ھەرقانداق بىر پەيغەمبەرگە تاپشۇرۇلغان رىسالەت ۋەزىپىسى كامالەتكە يەتكەن مۇكەممەل ھىدايەت مەنبەسى بولمىسا، ئۇنداق پەيغەمبەرنى ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر دېيىش لوگىكىلىق خۇلاسە جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا مۇناسىپ ھۆكۈم بولالمايدۇ! بەلكى ئۇنداق پەيغەمبەردىن كېيىن يەنە رەسۇل ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ كېلىشى مۇقەررەر ۋە ئېھتىياجلىق زۆرۈرىيەت بولۇپ قالىدۇ.

4 ـ رىسالىلىق شۇنى قەتئىي ئىسپاتلىدىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالەمشۇمۇل پۈتۈن ئىنسانلارغا پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەنلىكىگە 14 ئەسىر بولغان بولسىمۇ، بۇ جەريان ئىچىدە تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر شەرىئەت ھامىيسى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بىسىپ چۈشمىسىمۇ، ئەقەللىسى پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەرجىمىھالى، ھايات پائالىيىتى، سۆز ـ ھەرىكىتى، ئىش ـ ئەمەلى، ئەخلاق ـ پەزىلىتىگە بىرەر تەرىپى ئوخشاپ كېتىدىغان باشقا ھەرقانداق شەخسىتىن ئالاھىدە پەرقلىق ۋە ئىپتىخارلىق نۇرانە ئارتۇقچىلىقلار بىلەن، ياكى ئۆزىگە ۋەھى ئەۋەتىلگەنلىكىنىڭ نامايەندىسى ۋە شاھىدى سۈپىتىدە قۇرئان كەرىمدەك مۆجىزە خاراكتېرلىق بولمىسىمۇ، ئاددىيسى جانابى ئاللاھنىڭ كالامى ئەزەلىيىسىگە نىسبەتەن قىسمەن بولسىمۇ ماس كېلىدىغان بىرەر كىتابنى ئېلىپ كېلىپ، پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىپ ئوتتۇرىغا چىققان بىرەر شەخسنىڭ كۆرۈلگىنى يوق.



### ئىنسان پەيغەمبەرلەرسىز ئېرىشەلمەيدىغان ئىلىم

5 ـ شۇنىڭغا ھاجەتكى، بۇ تەتقىقات باسقۇچىمىزدا ئىنسان ئېھتىياجلىق ئىلىملەرنىڭ ئىچىدە قايسى ئىلىمنىڭ پەيغەمبەرلەرسىز ئىگىلەش ئىمكانىيىتى يوق ئىلىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ:

دۇنيادىكى شەيئىلەر ئىچىدە يېڭى نەتىجە ۋە يېڭى كەشپىياتلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن ھېسسى كۈچىمىز بىلەن ياكى پەن ـ تېخنىكا قۇدرىتى بىلەن تونۇپ، بۇ ئىككى كۈچ ۋاستىسى بىلەن ھاسىل بولغان مەلۇماتلار ئارقىلىق ئىلمىي تەجرىبە ۋە سىناقلاردىن ئۆتكۈزۈپ، ئەمەلىيەتكە يۈزلەندۈرۈش ئارقىلىق ماھىيىتىنى ۋە ھەقىقىتىنى بىلىشكە بولىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر مەۋجۇت. بۇ شەكىلدە شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش ۋە ھەقىقىتىنى بايقاشقا ئالاقىدار ئىلىم، ئىنسانلارنىڭ جانابى ئاللاھ تەرىپىدىن بىرەر كىتاب ئەۋەتىشى ياكى ۋەھيى نازىل قىلىشى زۆرۈر تېپىلغان ئىلىم قاتارىدىن ئەمەس. بۇ پەقەت جانابى ئاللاھنىڭ ئىنسانغا ئاتا قىلغان ئەقىل، ئىستىدات، قابىلىيەتكە ئوخشاش ئىقتىدار كۈچىگە تايىنىپ ئەقىل ئىشلىتىش، پىكىر يۈرگۈزۈش، تەتقىقات ئېلىپ بېرىش قاتارلىق ئىنساننىڭ سەئيى ـ ئىجتىھاد، ئىش ـ ئەمەل بەدىلىگە كېلىدىغان سەمەرىلەردىن ئىبارەت. چۈنكى جانابى ئاللاھ ئىنسانلارغا كونكرېت شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش

ۋە ھەقىقەتكە يېتىش قابىلىيىتىنى ئاتا قىلغان. گەرچە جانابى ئاللاھ بىز ئىنسانلارنى بۇ ساھەدە ئومۇمىيۈزلۈك ھەممىگە قادىر، ھەممىگە بىلەرمەن كۈچ ۋە بىلىم ئىگىسى قىلىپ قويۇشەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن جانابى ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە كەم چىقىدىغان نادىر تالانت ۋە ئەقلىي ئەنگۈشتەرگە ئىگە كەشپىياتچى ئالىملارغا ئىلمىي ئىجادىيەت ساھەسىدىكى ئەقلىي تەپەككۇر ئىشىكلىرىنى كەڭرى ئېچىۋېتىپ، بىزنىڭ بۇ رېئاللىيەت ئالىمىمىز (سۇبىستانسىيە ئالىمىمىز) دە بىرمۇنچە ئاتاقلىق ئالىملارغا، مۇتەپەككۇر كەشپىياتچىلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتلىرى نەتىجىسىدە نۇرغۇن يېڭى شەيئىلەرنى ئىختىرا قىلىشقا ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ تەبىئەتتە سىستېمىلىق ئورۇنلاشتۇرغان قانۇنىيەتلىرىنى بايقاپ، شەيئىلەرنىڭ ئۆزلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلىشكە ئوخشاش ئوبيېكتىپ ھېسسىي بىلىش پۇرسىتى ئاتا قىلغان بولسا، شۇنىڭدەك يەنە ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تەدرىجى ئۆتىشىگە ئەگىشىپ ئۇلارغا كائىناتنىڭ ماھىيەتلىك سىرلىرىنى ۋە مېتافىزىكىلىق ماھىيەتلىرىنى غەيرى ھېسسىي يوللار بىلەنمۇ تونۇتۇپ كەلگەن. بىراق ئەقلى مەلەكە ۋە ئوبيېكتىپ ھېسسىي بىلىش ئىلمى ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىنسانىي ئىلىم كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. بۇ ئىلىملەرنى ئىگىلەشتە بىرەر پەيغەمبەرنىڭ ئەۋەتىلىشى ياكى بىرەر كىتابنىڭ نازىل قىلىنىشى زۆرۈرىيەت ئەمەس. چۈنكى بۇ كاتېگورىيىگە مەنسۇپ مەلۇماتلارنى ئىگىلەشكە ۋە ئۇلارنى يېتەرلىك شەكىلدە ھاسىل قىلىشقا لازىملىق ئەقىل، تەپەككۇر، ھېس - تۇيغۇ قاتارلىق پەزىلەتلەر بىز ئىنسانلارغا بەخشەندە قىلىنغان.



بىز ئىنسانلارنىڭ بىلىشىمىزگە تېگىشلىك يەنە بىر قىسىم شەيئىلەر بار. بىراق بىز بۇ شەيئىلەرنى ئۆزىمىزنىڭ ئوبيېكتىپ ھېسسىي ئەزالىرىمىز ۋە تەرەققىيات قوراللىرىمىز بىلەن ئىگىلەشكە ئاجىزلىق قىلىمىز. بۇ "بىلىم" ئىسمى بىلەن تونۇلغان مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىپ يېتىش مۇمكىن بولمايدىغان، ياكى مىكروسكوپ، ئېلېكتورونلۇق مېڭىگە ئوخشاش كۆرۈش ۋە ھېساپلاش ئالەتلىرى بىلەن كۆرۈپ كۆرۈۋالغىلى، ھېساپلاپ چىقىرىۋالغىلى بولمايدىغان، ياكى دوكتۇر، پەيلاسوپلارنىڭ يېزىپ قالدۇرغان كىتاب سەھىپىلىرىدە ئۇچراتقىلى ھەم بولمايدىغان، قىسقىسى ئىنسانلىقنىڭ تاقىتى ئۈستىدە تۇرىدىغان شەيئىلەردۇر. بىر قىسىم پەيلاسوپلار، ئۆلىمالار بۇ شەيئىلەر ھەققىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل كۈچىگە تايىنىپ پىكىر بايان قىلىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىدە پەقەت تەخمىن ۋە پەرەز قىلىش دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمىگەن، ياكى "ئىلىم" قاتارىغا قويغىلى بولمايدىغان شەك ۋە گۇمان چەمبىرىكى ئەتراپىدا ئايلىنىپ ھەيرەتتە قالغان. مانا بۇ ئىنسان تاقىتىدىن ئۈستۈن نۇرانە ھالقىلىق ھەقىقەتلەردۇر. بۇ نۇرانە ھەقىقەتلەر ئۈستىدە چىقىرىلغان نەزەرىيىۋىي يەكۈن ۋە قاراشلارنى ئۆزلىرى ئوتتۇرىغا قويغان بىر قىسىم شەخسلەر ئۇ ھەقىقەتلەرنىڭ "يەقىنىيات" (يەنى شەك قىلىش ئىمكانىيىتى يوق، ئۇنىڭ توغرىلىقىغا قەلبى تامامەن تەسكىن تاپقان) ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ قەستەن دېگۈسى كەلمەيدۇ. ئۇلار بۇ ھەقىقەتلەرنى ئىلىمنىڭ تەرەپسىز ۋە تەئەسسۇبىيەتلىكتىن يىراق نۇرانە ۋاستىسى بىلەن تونىغان بولسىمۇ ئىشەنمەيدۇ ۋە باشقىلارنىڭ ئىشىنىشىنىمۇ خالىمايدۇ.

ئىنسانلارنىڭ بۇ نۇرانە ھەقىقەتنى ئىدراك قىلىپ بىلىشى، توغرا چۈشىنىپ يېتىشى ئۈچۈن ئېھتىياجلىق ئىلىم پەقەت كائىناتنىڭ خالىقى ۋە ھەقىقىي تەربىيەتچىسى جانابى ئاللاھ ئۆز پەزلى بىلەن ئاتا قىلىدىغان خۇسۇسىي ئىلىمدۇر. بۇ بىپايان كائىناتنى ئىدارە قىلىپ، باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان بۈيۈك ئاللاھ بۇ نۇرانە ۋە مۇقەددەس ئىلىمنى نەشىر قىلىپ تارقىتىلغان كىتابقا ئوخشاش ھەممە ئادەم ئېلىپ ئوقىيالايدىغان، ياكى بىئوفىزىكا ئىلمىغا ئوخشاش فىزىكىلىق پرىنسىپ ۋە ئۇسۇللار ئارقىلىق جانلىق ئورگانىزملارنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتى جەريانىدىكى مېخانىزمىنى تەتقىق قىلالايدىغان، ياكى ئاناتومىيە ئىلمىگە ئوخشاش تىرىك ئورگانىزملارنىڭ ئىچكى - تاشقى قۇرۇلمىلىرىنى يېرىپ، پارچىلاپ تەتقىقات ئېلىپ بارغىلى بولىدىغان بىر قىسىم پەن ئىلمىگە ئالاقىدار ئىنساننىڭ ئىستىدات ۋە قابىلىيەت ئىقتىدارىغا كۆرە بەرمەيدۇ. بەلكى جانابى ئاللاھ بۇ ئىلىمنى ئىنسانىيەتكە تەبلىغ قىلىپ يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆزى ياخشى كۆرگەن روھى پاك كىشىلەرنى تاللاپ، نەبي پەيغەمبەر، رەسۇل پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئىنسانلارنى بۇ ئىلىمدىن خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن باشتا ئۇ نۇرانە ھەقىقەتلەردىن ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى ۋەھيى ئارقىلىق خەۋەردار قىلىدۇ، ئاندىن ئۇ پەيغەمبەرلەرگە ئۇ ھەقىقەتلەرنى باشقىلارغا يەتكۈزۈپ بىلدۈرۈشنى تاپشۇرىدۇ.



## پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى

6 - پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئىنسانلارغا پەقەت ھەق ئىلىمنى ئۆگىتىشلا ئەمەس، بەلكى بۇنىڭ بىلەن بىرگە شۇ ئىلىمنىڭ روھىغا ئاساسەن ئىنسانلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي جەمئىيەتكە ئالاقىدار پىراكتىكا ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك قانۇن ۋە پرىنسىپلاردىن خەۋەردار قىلىش ۋە ئاللاھ بىلەن بەندىنىڭ، ئىنسانلار بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىكى ئالاقىنىڭ قايسى شەكىلدە بولۇشىنىڭ كېرەكلىكىنى بايان قىلىپ بېرىش. ئاندىن كېيىن، بۇ ئىلىم ئېلىپ كېلىدىغان ماددىي ۋە مەنەۋى مەدەنىيەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ ئىلىمنىڭ تەلىۋى بولغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە دۆلەتلەر ئارىسىدىكى دىپلومات مۇناسىۋەتلەرنى قانداق ئېلىپ بېرىش ۋە قايسى شەكىلدە بەرپا قىلىش يوللىرىنى ئۆگىتىشتىن ئىبارەت. پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسى بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ "دىندارلىق" دەپ ئاتىۋالغىنىدەك پەقەت بىر قىسىم دىنىي پرىنسىپ ۋە ئىبادەت يوللىرىنى تەبلىغ قىلىش ۋە ئۇنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىش بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى پەيغەمبەر بولغۇچىنىڭ رىسالەت ۋەزىپىسى ھاياتقا مۇناسىۋەتلىك پۈتۈن نىزام ۋە پرىنسىپلارنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە ئومۇمىيۈزلۈك ئۆز ئىچىگە ئالغان ماكان ۋە زامان بىلەن چەكلىنىپ قالمايدىغان دىن نامى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئالەمشومۇل بىر سىستېمىدۇر.

7 - پەيغەمبەرنىڭ رىسالەت ۋەزىپىسى پەقەت دىنى ئىلىمنى يەتكۈزۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بەلكى ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئۆزگە ئىشىنىپ مۇسۇلمان بولغانلارنى مۇقەددەس ئىسلامىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت دۇردانىلىرىگە ۋارىسلىق قىلالايدىغان رەھبەر قىلىپ تەربىيىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتۈن نىزام، ... لىزىم ۋە ئىدېئولوگىيىلىك قاراشلارنىڭ تامامەن چۆكۈپ، ئاللاھنىڭ «لاالــه الا الله» (ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق) دېگەن مۇقەددەس سۆزى ئاساسى ئۈستىگە قۇرۇلغان "دىن ــ ئىسلام دىنى" نىڭ پارلاق ۋە نۇرانە بايرىقى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا تىكلەنگەنگە قەدەر، ئەمەلىي ھاياتتا ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ھاكىممۇتلەقلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئىرادە باغلاپ، ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر ئۆز ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش روھىغا ئىگە پىداكار ئاۋانگارت ئەزىمەتلەرنىڭ روھىغا دىنىي ئىلىم ۋە دىنىي ئاڭ تۇيغۇسىنى سىڭدۈرۈش بىلەن بىللە، شۇ دىنىنىڭ ئېتىقاد قارىشىنى، ئەخلاق ئۆلچىمىنى، ئىبادەت ۋە مۇئامىلە، ئۇسۇل ۋە مېتود يوللىرىنى، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ھاياتقا ئالاقىدار پۈتۈن قانۇن - پرىنسىپلىرىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ رىسالەت ۋەزىپىسى ماھىيەتتە ئوخشاش بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئومۇمىيۈزلۈك ئاخىرقى مەقسەتكە يېتىپ ھەممىگە غالىب كېلىشى لازىم ئەمەس. نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلغان بولسىمۇ، نەتىجىدە كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلمىگەن. ئۇلارنىڭ مەقسەتكە ئۇلىشالماسلىقى ئۆزلىرىنىڭ رىسالەت ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا سەل قارىغانلىقتىن، ياكى پىداكارلىق روھىنىڭ



بولماسلىقىدىن كېلىپ چىققان ئەمەس، بەلكى شۇ دەۋردىكى ھەقىقەتكە كۆزى يۇمۇق مۇلھىد ۋە مۇشرىكلارنىڭ جاھىللىقى ۋە قارشىلىق كۆرسىتىپ ھەقىقەتكە كۆڭۈل بېرەلمىگەنلىكى، شۇنىڭدەك مۇناسىپ شارائىت يار بەرمىگەنلىكى تۈپەيلى نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەت ۋە ئەزىيەتلەرگە دۇچار بولغان بولسىمۇ، نەتىجىدە مەغلۇپ بولغان. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئومۇمەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ رىسالەت ۋەزىپىسى مەزكۇر نىشان ۋە مەقسەتتە بولۇپ كەلگەن. شۇنى خاتىرلەپ ئۆتۈش ھاجەتكى، بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام باشقا پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە نىسبەتەن ئۆزىنىڭ رىسالەت ۋەزىپىسىنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە كامالەتكە يەتكۈزۈپ، ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە شەرەپ بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. بۇنىڭ نۇرانە ۋە شانلىق شاھىدلىرى تارىخنىڭ ھەر بىر سەھىپىسىدە ئىپتىخار بىلەن نامايەندە بولماقتا. ئۇ زات ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى شۇ دەرىجىدە كامالەتكە يەتكۈزگەنكى، ئاللاھنىڭ ئاسماندىكى "دۆلەت دائىرىسى" نى قىسقا مۇددەت ئىچىدە زېمىن يۈزىگە كەڭرىتىپ، "ئاللاھنىڭ ھۆكۈمىتى" كونتروللۇقىدىكى ئىسلام دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقتى.

8 - قۇرئان كەرىمدە بولمىسۇن ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىدە بولمىسۇن ھەر ئىككىسىدە كەلگەن خىتاب ئومۇمىي بولغان. خاس بولغاندىمۇ مەيلى قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغانلارغا قارىتىلغان. قۇرئان كەرىمنىڭ ھەر بىر سەھىپىسىنى باشتىن ئاخىر بىر - بىرلەپ كۆرۈپ چىققاندا، ياكى پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان خىتاب ۋە نۇتۇقلىرىغا دىققەت قىلغاندا، مۇئەييەن بىر قەبىلىنىڭ ياكى بىرەر قەۋمنىڭ ياكى بىرەر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس قىلىپ سۆز سۆزلىگەنلىكىنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ قايسىسى بولمىسۇن خىتاب قىلغاندا يا پۈتۈن ئىنسان ئەۋلادىنى نەزەرگە ئېلىپ تۇرۇپ خىتاب قىلغان. مەسىلەن، "يا بەنى ئادەم – ئى ئادەم ئوغۇللىرى!"، "يا ئەييۇھەنناس – ئى ئىنسانلار" دېگەن ھالدا ئىسلام دەۋىتىنى ئومۇميۈزلۈك پۈتۈن ئىنسانلارغا قاراتقان. ياكى ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغانلارغا ئىمانىنىڭ تەلۋى ۋە تەقەززاسى بويىچە ئىسلامىيەتنىڭ ئەھكام ۋە پرىنسىپلىرىنى ئۇلارغا تەلىم بېرىش يۈزىسىدىن: "يائەييۇھەللەزىنە ئامەنۇ – ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر!" دەپ خىتاب قىلغان. بۇنىڭدىن بىز ئىسلامىيەتنىڭ بىردىنبىر ئالەمشۇمۇل دىن ئىكەنلىكىنى روشەن كۆرىۋالالايمىز. بۇ چاقىرىقتا ئاۋاز قوشقان شەخس مەيلى كىم بولىشىدىن قەتئىينەزەر، مىللەت، قەبىلە، ئىرق، دۆلەت، رايون ۋە مەھەللە ئايرىمىسى يوق ھەممە خوددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك قېرىنداشلارچە سەمىمى ۋە ساداقەت بىلەن مۆمىن بولغان بولىدۇ ۋە ئىسلامىيەتنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ھەرقانداق ھوقۇق ۋە ئادالەت ھامىلىقىدىن تولۇق پايدىلىنالايدۇ. قۇرئان كەرىمدە "مۆمىنلەر ھەممىسى بىر تۇققان" (سۈرە ھۇجۇرات 8 - ئايەت) دېگەن پرىنسىپ يولغا قويۇلغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بىر سۆزىدە: "كىمكى ئاللاھتىن باشقا بىر ئىلاھ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق ئېيتسا، بىزنىڭ قىبلىمىزگە يۈز كەلتۈرسە، بىز ئوقۇغان نامازنى ئوقۇسا، بىز بوغۇزلىغان نەرسىنى يېسە



ئۇنداق كىشى مۇسۇلمان ھېساپلىنىدۇ. مۇسۇلمانغا نېمە تېگىشلىك بولسا ئۇنىڭغىمۇ شۇ تېگىشلىك بولىدۇ." (بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان) (يەنى ئىسلام دائىرىسى ئىچىگە كىرگەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام ھوقۇقىدىن قانداق پايدىلىنىش ئىمتىيازىغا ئىگە بولسا، ئۇنداق ئادەممۇ ئۇلار بىلەن ئوخشاش پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ يەنە بىر سۆزىدە تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېگەن: "ئى ئىنسانلار! شۇنى قەتئىي بىلىپ قېلىڭلاركى، سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بىر، ئاتاڭلار بىر. يەنە شۇنى بىلىپ قويۇڭلاركى، ئەرەبنىڭ غەيرى ئەرەبتىن، غەيرى ئەرەبنىڭ ئەرەبتىن، قىزىل تەنلىكنىڭ قارا تەنلىكتىن، قارا تەنلىكنىڭ قىزىل تەنلىكتىن ھېچ بىر ئارتۇقچىلىقى يوق، (ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى) پەقەت تەقۋادا (يەنى مىللىتى، ئىرقى نېمە بولۇشتىن قەتئىينەزەر كىم ئاللاھتىن بەكرەك قورقۇپ، ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنسا، ئىسلام نەزىرىدە شۇ كىشى ھەممىدىن ئارتۇق)" (بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان).

## ئىسلامنىڭ ئاساسى تۈرغۈزۈلىدىغان ئەقىدىلەر

### 1 ـ ئاللاھقا ئىشىنىش

9 ـ ئىسلامنىڭ ئاساسى ئەقىدە پرىنسىپلىرىنىڭ بىرىنچىسى ۋە ئاساسلىقى ۋە ئەڭ ئۇلۇغى بىر ئاللاھقا ئىشىنىشتىن ئىبارەت.

ئىمان، پەقەت ئاللاھ بار، ئاللاھ بىر دەپ ئېيتىپ قويغانلىق بىلەن ئىمان ھېساپلانمايدۇ، بەلكى ھەقىقىي ئىمان، جانابى ئاللاھنىڭ بۇ بىپايان چەكسىز كائىناتنىڭ خالىقى، مالىكى ۋە ھەقىقىي ئىگىسى، ھاكىمى ۋە باشقۇرۇپ تۇرغۇچى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش، كائىنات ۋە كائىناتتىكى پۈتۈن شەيئىلەر ئۇ ئاللاھنىڭ تۇتۇپ تۇرىشى ۋە كونترول قىلىپ باشقۇرۇپ تۇرىشى بىلەن تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىش، كائىناتتىكى پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئۇ ھەرىكەتنىڭ لازىملىق ئېنېرگىيىسىنى پەقەت ئۇ زاتنىڭ ئاتا قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىش، ئۇ زاتنىڭ پۈتۈن ھۆكۈمدارلىق ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىدە ئۆزى يالغۇز بولۇپ، ھېچقانداق بىر شەخسنىڭ ئورتاقلىقى يوقلىقىغا ۋە ئەسلا بولمايدىغانلىقىغا ئىشىنىش، ئۇ زاتنىڭ ئۆز زاتىغا مۇناسىپ پۈتۈن ئىلاھىي سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىشكە، ئۇ سۈپەتلەرنىڭ ھېچ قايسىسىدا بىرەر كىشىنىڭ ھەسسىسى ياكى نەسىۋىسى بولۇپ قېلىشقا ئەسلا ئىمكان ۋە يوچۇق قالدۇرۇلمىغان، پەقەت ئۇ زاتلا تامامەن ھەقلىق ۋە ھوقۇقلۇق



ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش، ئۇ زاتنىڭ ئاسمان ـ زېمىندىكى ھەرقانداق نەرسىنى ھەتتا زۇلمەت كېچىدە قارا تاش ئۈستىدە قارا چۈمۈلىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىغا، ئۆتۈپ كەتكەن، ھازىرقى ۋە كەلگۈسى پۈتۈن بار ـ يوق، ئىش ـ ھەرىكەت ۋە قىلمىش ـ ئەتمىشلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىك ھەممىسىنى بىۋاستە بىلىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇنداق ھەممىنى كۆرۈش ۋە ھەممىنى بىلىش سۈپىتىگە لايىق ھېچقانداق بىر مەخلۇقنىڭ يوقلىقىغا ئىشىنىش، ئۇ زاتنىڭ ئەزەلدىن ئەبەدكە ئۆزىنىڭ "ھەي ـ تىرىك" سۈپىتىگە لايىق باقى ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭدىن باشقا پۈتۈن جانلىقلارنىڭ ھەممىسى پەقەت ئۇ زاتنىڭ "تىرىك" سۈپىتى بىلەن ئاندىن تىرىك، باقى قالىدىغان مەخلۇقلارنىڭ ھەرقاندىقى ئۇ زاتنىڭ "باقى" سۈپىتى بىلەن ئۇ زات خالىغان مۇددەتكىچە باقى بولالىشىغا ئىشىنىش، ئۇ زاتنىڭ تۇغۇلمىغان، تۇغمىغان، ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش، ئاسمان زېمىندىكى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ ئۇ زاتنىڭ مەخلۇقى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش، مەيلى ئاسماندا بولسۇن، مەيلى يەردە بولسۇن ھېچقانداق بىر مەخلۇقنىڭ "رەببىلىكۆنى ـــ كائىناتنىڭ تەربىيەتچىسى" بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە ئەمەسلىكىگە ئىشىنىنىش، ئۇ زاتنىڭ ئوغلى، ياكى قىزى، ياكى ئۇسى ياكى بۇسى شەكلىدىكى ھەرقانداق ئىنتىساب ۋە ئورتاقلىق مەنىسىدىكى ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىلەردىن مۇنەززەھ ـ پاك ۋە ئۇزاق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش، ئۇ زاتنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئىبادەت قىلىپ چوقۇنىشىغا، ھاجەتلىرىنى ئىزھار قىلىپ يىلىنىپ يالۋۇرىشىغا تامامەن ھەقلىق ۋە مۇتلەق ھوقۇقلۇق مەئبۇدى

بەرھەق ئىكەنلىكىگە، ئۇ زاتقا ئىبادەتتە باشقا بىرسىنى ئورتاق قىلىش ئەڭ بۈيۈك جىنايەت ۋە كەچۈرگۈسىز خىيانەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش.

ئۇ زات ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە يالۋۇرۇپ، يىلىنىپ قىلغان دۇئالىرىنى ئىجاۋەت قىلىدۇ. ئىنسانىنى ئۇ زاتقا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى، پەقىرلىقىنى تەڭلەپ دۇئا قىلىپ يىلىنىشتىن پەقەت ئۇ ئىنساننىڭ چوڭچىلىق ۋە ھەقسىزلارچە ھاكاۋۇرلۇقى توسۇپ قويىدۇ، ياكى جاھىللىقىدىن، بىلىمسىزلىكىدىن ئۇ زاتنى قويۇپ باشقىلارغا يىلىنىپ ھال - ئەھۋال ئىزھار قىلىپ ياش تۆكىدۇ. بىراق ھەقىقەتەنمۇ نۇرغۇن ئادەملەر ھاكاۋۇرلۇقتىن ئىبلىسقا ئەزا بولسا، يەنە نۇرغۇن كىشىلەر پەرۋەردىگارىغا ئۇلۇھىيەتتە (ئىلاھلىقتا) شېرىك كەلتۈرۈپ مۇشرىكلار گورۇھىدىن سەپ ئالىدۇ.

10 - ئىسلام نەزەرى بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا جانابى ئاللاھنىڭ ھاكىمىيىتى بىر قىسىم پەلسەپىچى ئەبگا كىشىلەرنىڭ "مېتافىزىكا" دەپ ئاتىۋالغان تەبىئەتنىڭ ئارقا كۆرۈنىشى (natural super) يەنى روھىيەت ئالەمى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى ئۇ زاتنىڭ ھاكىمىيىتى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىنسان ۋە ئىنساننىڭ ئىجتىمائى بەخىت - سائادىتى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ مەنىۋى كامالىتى ھەمدە تەبىئەت ۋە ئۇ تەبىئەتنىڭ ئارقا كۆرۈنىشىگە چېتىشلىق قانۇنىيەتلەر دېستىكى، ھەممىگە ھامى ھاكىممۇتلەقلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، ھېچقانداق بىر شەخس ۋە كاتتا ئەربابنىڭ



ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق، شەرتسىز، زامان ۋە ماكان چەكلىمىلىرىدىن ھالقىغان ھاكىمىيىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ زاتنىڭ ھاكىمىيىتىگە كائىناتتا ھېچقانداق بىر مەخلۇقنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق ۋە بولمايدۇ. مەيلى بۇ ئارلاشقۇچى مەخلۇقلار ئىنسانىيەت ئالەمىنىڭ سىرتىدىكى تاشقى پىلانىت - سەييارە كۈچلىرى بولسۇن، ياكى ئىنسان تائىپىسى ئىچىدىكى ئۇلۇغ ئەۋلىيا - ئالىم - پەيلاسوپلار بولسۇن ياكى ئۇ ... لىزم، بۇ ... لىزم رەھبەرلىكىدىكى كاتتا ئەرباب ۋە ئاتاقلىق شەخسلەر بولسۇن ھېچ بىرىنىڭ ئارىلىشىشقا، سۆز قىستۇرۇشقا، ياكى قارشى چىقىشقا مۇتلەق ھەددى بولمايدۇ. جانابى ئاللاھنىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ قىسقا ئەقلى ۋە كالتا پەھمى بىلەن تۈزۈپ چىققان نامدا خەلقنىڭ دۆلەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ياكى دۆلەت ئىشلىرىغا قارىتا ئەركىن پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىنى چىقىش قىلىدىغان دېموكراتىيە تۈزۈمى ياكى شەكىلدە ئومۇمي خەلق مۈلۈكچىلىكىنى قوغداش بىلەن خەلققە يالغان جەننەت ۋەدە قىلىپ ئوتتۇرىغا چىققان كوممۇنىزم تۈزۈمى، ياكى ئىشلەپ چىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىگىلەيدىغان ھەم شۇنىڭ بىلەن ياللانما ئەمگەكنى ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان كاپىتالىزم تۈزۈمى، ياكى دىننى پەقەتلا ئاللاھ بىلەن كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت دەپ قاراپ دىنىنىڭ پائال روھىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ ئۇنى پەقەت مەسجىد - خانىقا، نەزىر - چىراق، نىكاھ - تالاققا ئوخشاش كىشىلىك تۇرمۇشقا باغلاپ قويۇپ، دىنىنىڭ ھاياتقا قوماندان، دۆلەتكە قانۇن، جەمئىيەتكە تۈزۈم، كىشىلىك ھاياتقا يېتەكچى رەھبەرلىك روھىنى چەتكە قاقىدىغان تۈزۈم ۋە نىزامغا

زورلىنىپ قارىغۇلارچە چوقۇنىدىغان كىشىلەر ماھىيەتتە پەرۋەردىگارىغا، خالىقىغا بويۇنتاۋلۇق قىلغۇچى تۇزكور خائىنلار بولۇپ، ئاقىۋەتتە بۇ قىلمىشىنىڭ جازاسىغا قالىدۇ.

11 - بۇ ئىلاھىي تەسەۋۋۇر مەنتىقىلىق پرىنسىپلارنىڭ تەقەززاسى بويىچە بىر قانچە ئىشلارنى لازىم تۇتىدۇ: بىرىنچى، ئاللاھ ئىنساننىڭ ئىبادەت قىلىشىغا ھەقلىق ھەقىقىي مەبۇدى ۋە ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوق. ئىككىنچى، ئاللاھ كائىناتنى باشقۇرۇپ تەسەررۇپ قىلىشتا، قانۇن چىقىرىپ نىزامغا كىرگۈزۈشتە پەقەت ئۆزى يالغۇز. ئىنسانلارنىڭ دۇئاسىنى، تەلىۋىنى ئىجاۋەت قىلىش قىلماسلىقى ئۆزىنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش بولۇپ، خالىسا ئىجاۋەت قىلىدۇ، خالىسا ئىجاۋەت قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئاللاھتىن باشقا ھەرقانداق بىرەر كىشىنى ياكى بىرەر شەخسنى دۇئا قىلىشقا لايىق تاپماسلىقى، دۇئايىمنى ئىجاۋەت قىلىدۇ دەپ قارىماسلىقى، پەقەت ئاللاھقىلا دۇئا قىلىشى ۋە يېلىنىپ يالۋۇرۇشى، شۇنىڭدەك ئۈمىدىنى يالغۇز ئۇ زاتتىن كۈتۈشى لازىم. ئۈچىنچى، ئاللاھ ئىنساننىڭ ئاقىۋىتىگە ئىگە، پايدا - زىيىنىغا قادىر كۈچ - قۇدرەت ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسان بىرەر خاپىلىقتا دۇچ كەلگەندە پەقەت ئاللاھقىلا ئىلتىجا قىلىشى، بىرەر نەرسىگە ھاجەت بولغاندا ئاللاھتىن تىلىشى، ئۇنىڭ رەھمىتىدىن، مەرھەمىتىدىن قەتئىي ئۈمىتسىزلەنمەسلىكى، غەزىپىدىن، ئازابىدىن ئەسلا غاپىل قالماسلىقى لازىم. تۆتىنچى، ئاللاھ ئىنسان ۋە ئىنساننى قورشاپ تۇرىدىغان كائىناتنىڭ خالىقى، ھەقىقىي ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇ ئىنساننىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ۋە



كائىناتنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھەممىنى بىۋاستە بىلىشكە قادىر. ئاللاھ ئىنساننى خاتا ۋە زالالەت يوللىرىدىن توغرا، ھىدايەت يولىغا يېتەكلەشكە ۋە ئىنساننىڭ خاراكتېرى، تەبىئىتىگە مۇناسىپ ھايات پرىنسىپىنى بەلگىلەپ بېرىشكە تامامەن ھەقلىق. بەشىنچى، ئىنساننىڭ ۋە كائىنات ئالەمنىڭ خالىقى، مالىكى ۋە ھەقىقىي پەرۋىشچىسى ۋە غەمگۇزارى بىر ئاللاھ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنساننىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاللاھتىن باشقىغا تاپشۇرۇشى، ياكى ئۆزىنى ھاكىم تىكلىۋېلىشى روشەن كۇفرىلىقنىڭ ئىپادىسى. شۇنىڭدەك ئىنساننىڭ ئۆزىنى قانۇن چىقارغۇچى - شارىئ قىلىۋېلىشى، ياكى قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى بىر شەخسكە، ياكى ئۇ ... لىزىمچىغا، بۇ ... لىزىمچىغا تاپشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ چىقارغان تۈزۈم ۋە پرىنسىپلىرىنى ئاللاھنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن قانۇن، نىزام ۋە پرىنسىپلىرىدىن ئارتۇق بىلىش ھەم ئوخشاشلا كۇفرىلىققا بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلە! چۈنكى جانابى ئاللاھ ئۆز مۈلكىنى ئۆزى باشقۇرىشى ۋە ئۆزى چىقارغان قانۇن - پرىنسىپلار بويىچە ئۆزى ئىدارە قىلىشى لازىم. ئالتىنچى، ئەڭ ئالىي يوليۇرۇق بېرىش ۋە مۇتلەق قانۇن بەلگىلەش ھوقۇقى پەقەت ھەممىگە قادىر، ھەممىگە ئالىم زات ئاللاھنىڭ مۈلكى تەسەررۇپىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنداقتا ئۇ زاتتىن باشقا ھەرقانداق شەخس ۋە ئەربابلارنىڭ قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ يەنە شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، جانابى ئاللاھ ئۆز بەندىلىرىگە غايەت مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ قانۇنىنى چىقىش مەنبە قىلغان ئاساستا، بىر قىسىم نىسبىي ۋە

ئۇششاق مەسىلىلەردە شۇ ئىشنىڭ ئەھلى بولغان كىشىلەرگە قىسمەن كەڭچىلىك ئاتا قىلغان.

2 ـ پەيغەمبەرلەرنىڭ رىسالەت ۋەزىپىسىگە ئىشىنىش

12 ـ ئىنسان بۇ باسقۇچقا كەلگەندە ئىسلامنىڭ يەنە بىر ئاساسى ئەقىدە باسقۇچى كېلىدۇ. بۇ بولسا، پەيغەمبەرلەرنىڭ رىسالەت ۋەزىپىسىگە ئىشىنىش باسقۇچى. پەيغەمبەرلەر جانابى ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا ئۆزىنىڭ قانۇن ـ پرىنسىپلىرىنى يەتكۈزۈشكە تاللىغان ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە مۇستەسنا شەخسلەردۇر. بۇ قانۇن ۋە پرىنسىپلار بىزگە ئىككى سۈرەتتە يېتىپ كېلىدۇ:

بىرىنچىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ئاللاھنىڭ مۇقەددەس ۋەھىي ـ سۆزىدىن ئىبارەت قۇرئان كەرىم. ئىككىنچىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە قىلغان ۋەز ـ نەسىھەتلىرى، ئەمر ـ پەرمانلىرى ۋە ئىش ـ ئىزلىرىدىن ئىبارەت مۇقەددەس قۇرئان كەرىمنىڭ ھەقىقىي تەپسىرى پاك سۈننەتتىن ئىبارەت. بۇ ئەقىدىنىڭ ئەھمىيىتى، ئەگەر بۇ ئەقىدە تىكلەنمەيدىكەن، ئاللاھقا بولغان ئىمان پەقەت بىر نەزەرىيە ۋە تەسەۋۋۇردىن ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ. ئاللاھقا ئىشىنىشتىن ئىبارەت ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىق نىزامى، ئەخلاق مىزانى ۋە مەدەنىيەت گۈلزارى سىمۋوللىرىنىڭ كاتېگورىيىلىك قىممىتى ۋە ماھىيەتلىك ئۆلچىمى پەقەت پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇقەددەس رىسالەت ۋەزىپىسىنىڭ نۇرانە ۋاستىسى بىلەن ھەقىقىي تۈس ئالىدۇ. چۈنكى ئاللاھنىڭ



قانۇنى شۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ رىسالەت ۋەزىپىسى بىلەن بىز ئىنسانلارغا يەتكۈزۈلىدۇ. ئۇ شۇنداق بىر قانۇنكى، پۈتۈن ھايات قانۇنىيىتى شۇ قانۇن تەقەززاسى بويىچە جەريان قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئاللاھقا ئىشەنگەندىن كېيىن پەيغەمبەرلەرنىڭ رىسالەت ۋەزىپىسىگە شەكسىز ئىشىنىشى زۆرۈر. پەيغەمبەرلەرنىڭ رىسالەت ۋەزىپىسىگە ئىشەنمىگەن ياكى ئىشەنسىمۇ شەك ۋە گۇمان بىلەن قارىغان ھەرقانداق ئادەم ھەقىقىي مەنىدە مۇسۇلمانلىق كاتېگورىسىگە كىرەلمەيدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى (ھەقىقىي) مۆمىنلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىمانىدا) شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر، ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر.» (سۈرە ھۇجۇرات 15 ـ ئايەت).

13 ـ ئىسلامىيەت پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىجابىي ياكى سەلبىي ماھىيەتلىك ئورنىنى توغرا تونۇپ، قارىشىمىزنى مۇئەييەنلەشتۈرۈۋېلىشىمىزغا ئىمكانىيەت يوللىرىنى روشەن ئوتتۇرىغا قويۇپ بەرگەن. پەيغەمبەرلەر باشقىلارنى ئۆزىگە قۇل قىلىۋېلىش ياكى باشقىلارغا قۇل قىلىپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئۆزىدىن باشلاپ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئىنسانلارغا، تاغۇت ـ شەيتانلارغا قۇل بولۇشتىن ئازات قىلىش بىلەن، پۈتۈن كائىناتنىڭ ھەقىقىي خالىقى ۋە ئەسلى ئىگىسى بولغان بىر ئاللاھقا بەندە بولۇشنى تەكىتلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېلىپ كەلگەن تەلىماتىدا مۇسۇلمانلار ئادەتتە ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك بەش ۋاقىت نامىزىدا شاھادەت

كەلىمىسى (ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ ــ ئاللاھتىن باشقا بىر ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق ئېيتىمەن) نى ئاز دېگەندە 17 قېتىم تەكرار لايدۇ. بۇ بىزگە پەيغەمبەر بولغىچىنىڭ ھەقىقەتەن ئىنسان جىنسىدىن بولۇپ، ئۇلۇھىيەت بىلەن ھېچقانداق بىر ئورتاقلىقى ياكى قىلچە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يوقلىقى ياكى ئىنساندىن ئۈستۈن بىر شەخس ئەمەس، بەلكى باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش يېيىش-ئىچىش، ھېرىش-چارچاش، يېتىش-قوپۇش ۋە ئائىلىلىك بولۇش قاتارلىق ئىنسانىي خۇسۇسىيەت ۋە ئىنسانىي تۇيغۇغا ئىگە بىر شەخس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، ئاللاھنىڭ خەزىنە ئىگىدارچىلىقىغا ئىگە ئەمەسلىكىنى، ئاللاھ بىلدۈرگەننىڭ سىرتىدا غەيبتىن بىر نەرسە بىلمەيدىغانلىقىنى، باشقىلارغا پايدا-زىيان ئېلىپ كېلىش بىر تەرەپتە تۇرسۇن ئۆزىگىمۇ پايدا زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى، ۋەزىپىسى پەقەت ئاللاھ نېمىنى يەتكۈزۈشكە بۇيرىغان بولسا شۇنى تەبلىغ قىلىش ئىكەنلىكىنى، ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىسىنى ھىدايەت قىلىش ھوقۇقى يوقلىقىنى، قەبرىدە مۇنكەر-نەكىر پەرىشتىلەرنىڭ سوئالىنى قالدۇرۇپ ئاللاھنىڭ ئازابىدىن خالاس قىلىش مەرتىۋىسىگە ئىگە ئەمەسلىكىنى، ھەتتا ئۆزى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلسا ياكى ئاللاھ ھەققىدە بىرەر يالغان سۆز ئوتتۇرىغا قويسا ياكى ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھىيگە ئۆزى تەرىپىدىن يا ئۇنداق يا مۇنداق بىرەر ئۆزگەرتىش كىرگۈزسە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قەتئىي قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى، پەقەت ئىنسانلار



ئىچىدىن تاللانغان بەندىلەر بىلەن ئاللاھ ئارىسىدىكى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ۋە بەندىسىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى خاتىرلىتىپ ئۆتۈشتىن ئىبارەت. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ رىسالەت ۋەزىپىسىنىڭ ئۈستىدە باشقا بىر نەرسىگە ئىگىلىكى يوق پەيغەمبەرلەردىن بىر پەيغەمبەر بولۇپ، ھېچقانداق بىر نەرسىنى ئۆزى چاغلاپ ھالال-ھارام قىلىشقا چامى يەتمەيدۇ، شۇنىڭدەك ئاللاھنىڭ رۇخسىتى بولماي تۇرۇپ ئۈممەتلىرىگە بىرەر كەلىمە سۆزنى قانۇن قىلىپ بەلگىلەش ھوقۇقىمۇ ھەم يوق. ئۇ پەقەت ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ۋەھىينى يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلغان بەرھەق ئەلچىدۇر.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن ئۆتكەن پۈتۈن نەبى ۋە رەسۇل پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى چېكىدىن ئېشىپ ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى ئىلاھ، ياكى ئىلاھنىڭ بالىسى ياكى ئىلاھ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن، يەنە بىر قىسىملىرى بولسا ئاللاھقا ئىنسانىي سۈپەتلەرنى تېڭىپ ئۇنىڭغا جىسىم ئىسپاتلىغان، شۇنىڭدەك يەنە بىر قىسىم پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرى ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلىپ ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ پەقەت ئاللاھنى ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك توغرا يولىنى كۆرسىتىپ سائادەت يولىغا يېتەكلىگەنلىك جىنايىتىنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن ئۇلارغا سۇيىقەستە قىلىپ ئۆلتۈرگەن ۋە ھەر تۈرلۈك ئەزىيەتلەرنى بەرگەن. ئىسلام ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ مەزكۇر ئىپرات-چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە

تەفرىت - سەل قاراپ ئەھمىيەت بەرمەسلىكتەك قىلمىشلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك قەتئىي رەت قىلىپ تۈۋەندىكى بىر قانچە ھەقىقەتلەرنى روشەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

ھەرقانداق ئادەم پەيغەمبەرگە ئىشەنمەيدىكەن، ئەمرىگە ئىتائەت قىلمايدىكەن مۆمىن، مۇسۇلمان ھېساپلانمايدۇ. پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغانلىق ھەقىقەتتە ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدۇ، شۇڭا جانابى ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنى ئىنسانلارنىڭ ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشى ئۈچۈن ئەۋەتكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: (بىز ھەرقانداق پەيغەمبەرنى پەقەت ئىتائەت قىلىنىشى ئۈچۈنلا ئەۋەتتۇق (ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغانلىق ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ).) (سۈرە نىسا 64 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى). پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلمىغان ھەرقانداق ئادەم ھىدايەت - توغرا يول تاپالمايدۇ. پەيغەمبەر بۇيرىغان ئىشنى قىلىش، توسقان نەرسىدىن يېنىش پەرز - زۆرۈر مەجبۇرىيەتتۇر. پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقىقەتنى ئۆزىنىڭ بىر سۆزىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ: "مەن پەقەت بىر ئىنسان، سىلەرنى دىنىڭلاردىن ھەرقانداق بىر ئىشقا بۇيرىسام ئۇنى ئىجرا قىلىڭلار، ئەگەر ئۆز رەيىم بىلەن (دۇنيالىق ئىشىڭلاردىن بىرەر ئىشقا بۇيرىسام مەنمۇ بىر ئىنسان" (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى قۇرئان كەرىمنىڭ روشەن بايانى ۋە ھەقىقىي تەپسىرىدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ تەپسىر ۋە بايانىنى ئۇ قۇرئاننى ئۇ زاتقا نازىل قىلغۇچى زات جانابى ئاللاھ ئۆزى ئۆگەتكەن. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ساڭا (جىبرىئىل ئارقىلىق ۋەھى نازىل بولاۋاتقاندا، ئۇنى ئېسىڭگە ئېلىۋېلىش ئۈچۈن) ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما. ئۇنى توپلاش ۋە ئوقۇپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. ساڭا ئۇنى ئوقۇپ بەرگىنىمىزدە (يەنى جىبرىئىل ساڭا ئوقۇپ بەرگەندە)، ئۇنىڭ ئوقۇشىغا ئەگەشكىن. ئاندىن ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر.» (سۈرە قىيامەت 17 ، 18 ، 19 - ئايەتلەر). قۇرئاننى تەپسىر قىلىش ۋە ئۇنىڭ مۇرادىنى بايان قىلىش ئىلاھىي ئاساسقا تايىنىشى ۋە ئۇنىڭدىن ئەسلا يىراقلىشىپ كەتمەسلىكى لازىم. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار (بۇ قۇرئاننى) پىكىر قىلىپ (ئۇنىڭدىن ۋەز - نەسىھەت ئالسۇن) دەپ نازىل قىلدۇق.» (سۈرە نەھل 44 - ئايەت) شۇ سەۋەبلىك قۇرئان كەرىمنى قۇرئاننىڭ ئۆزىگە ياكى پەيغەبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە ئاساسلانماي تۇرۇپ ئۆز رەيى بىلەن تەپسىر قىلىشقا ۋە مۇرادىنى يېشىشكە بولمايدۇ. جانابى ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمە ھالىنى ۋە ھايات پائالىيىتىنى پۈتۈن مۆمىن مۇسۇلمانلارغا نەمۇنە قىلدى. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر» (سۈرە ئەھزاب 21 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى). ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر

ئىشقا ھۆكۈم قىلغان بولسا ھەر قانداق بىر مۆمىن ئەر ۋە مۆمىنە خاتۇننىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشقا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر - ئايال مۆمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ، (يەنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشقا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)، كىمكى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ» (سۈرە ئەھزاب 36 - ئايەت). شۇنىڭدەك مۇسۇلمانغا ياراشمايدىغان ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىن يەنە بىرى، ئەگەر ئۇلار بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلگەن بولسا، ئۇ مەسىلە ھەققىدە ئاللاھ ۋە ئاللاھ رەسۇلىنىڭ ھۆكمى ۋە قارارى نېمە؟! بۇنى بىلمەي تۇرۇپ ئۇ مەسىلە ئۈستىدە ئۆزىچە ھەرقانداق بىر ھۆكۈمنى قارارلاشتۇرماسلىقى لازىم. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ تەنبىھ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: (ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئاللاھنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئالدىدا (ھېچقانداق بىر ئىشنى ۋە سۆزنى) ئالدى بىلەن قىلماڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيىتىڭلارنى ۋە ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرۇغۇچىدۇر.» (سۈرە ھۇجۇرات 1 - ئايەت). بۇ مەزكۇر ھەقىقەتلەردىن شۇنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇكى، جانابى ئاللاھ پەيغەمبەرلەر ۋاستىسى بىلەن ئىنسانىيەتكە پەقەتلا ئالىي پەرمان، يۈكسەك قانۇن - نىزاملا ئاتا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى مۇقىم، ئۆزگەرمەس ۋە مەڭگۈلۈك قىممەت ۋە ئەھمىيەتكە ئىگە ھەقىقەتلەر بىرگە ئىنئام قىلغان. قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك سۈننىتىدە ماقۇللىنىپ قارارلاشتۇرۇلغان



ھەرقانداق بىر ياخشى ئىشنىڭ خاراكتېرىدا مەڭگۈلۈك ياخشىلىق مەۋجۇت، يامان ئىشنىڭ خاراكتېرىدا مەڭگۈلۈك يامانلىق مەۋجۇت، ھالال ئىش مەڭگۈلۈك ھالال، ھارام ئىش مەڭگۈلۈك ھارام، پەرز ئىش مەڭگۈلۈك پەرز بولۇپ، مۇقىملاشتۇرۇلغان ئۆزگەرمەس ھەقىقەت. ھېچقانداق بىر شەخسنىڭ بۇ ھەقىقەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئۇرنىغا باشقا قانۇن - نىزاملارنى قويۇشىغا، ياكى ئۆزگەرتىش كىرگۈزىشىگە سالاھىيىتى يوق. بۇنى پەقەت ئىسلامىيەتتىن ۋاز كېچىش قارارىغا كەلگەن شەخس، جامائەت ۋە مىللەتلەر قىلسا كېرەك. مۇسۇلمان قاچانكى مۇسۇلمانلىق كاتېگورىيىسىدە ئىكەن، ئۇنداق مۇسۇلماننىڭ نەزىرىدىكى تونۇلغۇنكى يامان - ناچار قىلىقلار بۇگەن ياخشى، پەزىلەتلىك ئىشلار بولۇپ، ئەتىسى يەنە يامان، ناچار ئىشقا ئۆزگىرىپ قالمايدۇ. بۇ خىل مەسىلىدە نە ئىجماغا نە ئىجتىھادقا نە قىياسقا ئاساسلىنىپ يا ئۇنداق يا مۇنداق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ.

### 3 - ئاخىرەتكە ئىشىنىش

14 - ئىسلامنىڭ ئەقىدە پرىنسىپىنىڭ ئاساسىنىڭ ئۈچىنچىسى، ئاخىرەتكە ئىشىنىشتىن ئىبارەت. بۇ ئەقىدىنىڭ خاراكتېرى ئاخىرەتكە ئىشەنمىگەن ھەرقانداق كىشىنى مۇسۇلمانلىق تىزىملىكىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاپ، كۇپۇرلۇق ئازگىلىغا ئاپىرىپ تاشلايدۇ. ئۇنداق كىشىنى كۇپۇرلۇق ئازگىلىدىن نە ئاللاھقا بولغان ئىمانى، نە پەيغەمبەرگە بولغان

ئېتىقادى، نە قۇرئانغا بولغان ئىشەنچىسى قۇتۇلدۇرالمايدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «كاپىرلار ھەرگىز تىرىلدۇرۇلمەيمىز دەپ گۇمان قىلىشتى، ئېيتقىنكى، "ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، پەرۋەردىگارىم بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم تىرىلدۇرۇلىسىلەر، ئاندىن سىلەرگە قىلمىشىڭلاردىن خەۋەر بېرىلىدۇ، بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر.» (سۈرە تەغابۇن 7 ـ ئايەت). ئاخىرەتكە ئىشىنىشتىن ئىبارەت دىنىنىڭ بۇ تۈپ ئەقىدىسىنىڭ قىسقىچە تەپسىلاتى ئاساسلىق ئالتە تەسەۋۋۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1 ـ ئىنسان زېمىندا نېمە ئىش قىلسا جاۋابكارلىققا تارتىلمايدىغان مەسئۇلىيەتسىز، بىكار بوش مەخلۇق ئەمەس. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ: «ئىنسان ئۆزىنى بىكار قويۇپ بېرىلىدۇ (يەنى شەرىئەت ئىشلىرىغا تەكلىپ قىلىنماي، مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن ھايۋانغا ئوخشاش) دەپ ئويلامدۇ؟» (سۈرە قىيامەت 36 ـ ئايەت) بەلكى ئۇ خالىقى جانابى ئاللاھنىڭ ئالدىدا چوڭ ـ كىچىك قىلمىشىدىن جاۋابكارلىققا ئىگە. دۇنيا ھاياتى ھەقىقەتتە بىر ئىمتىھان ۋە سىناق مەيدانى. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلارنىڭ قايسىلىرىنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەر يۈزىنىڭ زىننىتى قىلدۇق» (سۈرە كەھف 7 ـ ئايەت). ئىنسان بۇ ھاياتى دۇنيادا ئۆمۈر مەنزىلىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، جانابى ئاللاھ ئۇ ئىنساننىڭ دۇنيادا قىلغان ئىش ـ ئەمەلىدىن قالدۇرماي ھېساپ ئالىدۇ.



2 ـ جانابى ئاللاھ ئىنسانىيەتتىن بۇ ھېساپنى ئېلىش ۋاقتىنى مۇئەييەن بىر ۋاقىتقا مۇقىملاشتۇرغان. ئاللاھ ئىنسانغا دۇنيا ھاياتىدا بىر مۇددەت ئىشلەپ ياخشى ـ يامان ھېساپ دەپتىرىگە بىرەر نەرسە قالدۇرۇش ئۈچۈن ئاتا قىلغان قىسقا ۋە بىباھا قىممەتكە ئىگە ئۆمۈر مۇساپىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئەجەل مەقامىغا يەتكەندىن كېيىن، قىيامەت بولىدۇ. ھاياتلىق قانۇنىيىتى ۋە مەۋجۇتلۇقنىڭ نىزامى قاتلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى يېڭى بىر ئالەمدە باشقا بىر ھايات قانۇنىيىتى ۋە ئەبەدىيلىك ھايات نىزامى ئالىدۇ. بۇ يېڭى ئالەمدە جانابى ئاللاھ تۇنجى قېتىم ياراتقان ئادەمدىن باشلاپ تا قىيامەتكىچە كېلىپ كەتكەن پۈتۈن ئىنسانلار تىرىلىنىپ ھازىر بولىدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، "ئىلگىرىكىلەر ۋە كېيىنكىلەر مەلۇم كۈننىڭ مۇئەييەن ۋاقتىدا (يەنى قىيامەتتە) تىرىلىنىدۇ» (سۈرە قىيامەت 59 ـ 60 ـ ئايەت)

3 ـ پۈتۈن ئىنسانلار بىرلا ۋاقىتتا ئىلاھىي سوت مەھكىمىسىگە كەلتۈرۈلۈپ ھەر بىر ئادەم ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا دۇنيادىكى پۈتۈن قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىدىن تەپسىلى ھېساپ ئېلىنىپ جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

4 ـ قىيامەت كۈنى جانابى ئاللاھ ئىنسانلاردىن ھېساپ ئېلىپ ھۆكۈم قىلغاندا، ئۆزىنىڭ ئىلمى ئەزەلىيىسى بىلەنلا ھۆكۈم چىقارمايدۇ، بەلكى بۇنىڭغا قوشۇپ ئۆزىنىڭ مۇتلەق ئادالەتلىك سۈپىتىگە لايىق ئادالەت شەرتلىرىنىڭ ھەممىسىنى

تەق قىلىدۇ، ئاندىن پۈتۈن جان ئىگىسىنىڭ تىنىقىدىن تارتىپ ھەممە قىلمىش - ئەتمىشلىرى تىزىملانغان ئىش - ئەمەل دەپتىرىنى ئىلاھى سوت مەھكىمىسىگە ئېلىپ كېلىدۇ. سوتتا مەيلى قايسى نىيەت بىلەن بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن نېمە ئىش قىلغانلىقىغا قارىتا ھەر خىل شاھىد ۋە گۇۋاچىلارنى ھازىر قىلىدۇ.

5 - بۇ بۈيۈك، ئالىي ئىلاھىي سوت مەھكىمىسىدە مال ياكى پارا ئەسلا قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئادالەتكە قارشى لاياقەتسىز شاپائەتچىلەرنىڭ شاپائىتى ئەسقاتمايدۇ. ھەقىقەتكە زىت ئادۇكاتلارنىڭ ئاقلاپ كۆرسەتكەن سەۋەب ۋە ئىللەتلىرىنىڭ جاۋابكارنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشىغا چامىسى يەتمەيدۇ. باشقىلارنىڭ جىنايىتى بىلەن باشقىلار جازاغا ئۇچرىمايدۇ. بۇ كۈندە ئەڭ يېقىن ئۇرۇغ - تۇققانلىرى، يېقىن يورۇق - ئۇلپەتداشلىرى ياكى بۈيۈك كاتتىۋاش داھىلىرى ياكى قولداش شەيخ - ماشايىخ، پىر - ئۇستازلىرى ياكى ئاللاھنى قويۇپ ئىلاھ تىكلىۋالغان بۇت - تاشلىرى ... ھېچ بىرى ياردەم قولىنى سۇنۇپ ئارا تۇرالمايدۇ. ئاللاھ ئالدىدا ھەر ئادەم ئۆزى تەنھا ھېساپ بېرىش ئۈچۈن قولداشسىز، يولداشسىز تۇرغۇزۇلىدۇ. بۇ كۈندە پۈتۈن ئىش ھاكىمۇتلەق ئاللاھقا خاس بولىدۇ.

6 - جانابى ئاللاھنىڭ بۇ كۈندىكى ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھۆكمى ئۇلار ئاللاھ ئەۋەتكەن پەيغەمبەرگە، باقى ئالەمدىكى جاۋابكارلىققا ھەقىقىي ئىشىنىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ ئىشىنىشنىڭ تەلىۋى ۋە تەقەززاسى بولغان جانابى ئاللاھقا



خالىس ئىبادەت قىلىش بىلەن قۇلچىلىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلدىمۇ ياكى ئادا قىلمىدىمۇ؟ بۇ ھەقتە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئەمەلىيىتى بىرىنچى شەكىلدە بولغان بولسا، ئۇلار جانابى ئاللاھنىڭ جەننىتىگە ۋە ئۇ جەننەتتىكى ئالىي ۋە چەكسىز نېمەتلىرىگە سازاۋەر بولىدۇ. ئاللاھ ساقلىسۇن ئىككىنچى شەكىلدە بولۇپ قالسا، جەھەننەمدە ۋە ئۇ جەھەننەمنىڭ قاخشاتقۇچى دەرتلىك ۋە ئەلەملىك ئازابىدا مەڭگۇ قالىدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «كاپىرلار جەھەننەمگە توپ - توپ بولۇپ ھەيدىلىدۇ، ئۇلار جەھەننەمگە يېتىپ كەلگەندە جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ، جەھەننەمنى باشقۇرغۇچى پەرىشتىلەر ئۇلارغا: "ئاراڭلاردا سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئايەتلىرىنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرىدىغان، بۈگۈنكى ئۇچرىشىشىنىڭ بارلىقىدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەر كەلمىگەنمۇ؟" دەيدۇ. ئۇلار: "شۇنداق (پەيغەمبەرلەر كەلگەن، بىزنى ئاگاھلاندۇرغان)، لېكىن ئازاپقا دۇچار بولۇش ھۆكمى (كۇفرى ۋە قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن) كاپىرلارغا تېگىشلىك بولدى" دەيدۇ. (ئۇلارغا) "جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىڭلار، جەھەننەمدە مەڭگۇ قېلىڭلار، مۇتەكەببىرلەرنىڭ جايى نېمە دېگەن يامان!" دېيىلىدۇ» (سۈرە زۇمەر 71 - 72 ئايەت)

## ئاخىرەتكە ئىشىنىشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ ئەقىدە ئالدىدىكى شەخسلەر تۈرى

15 ـ بۇ ئەقىدە ئالدىدا ئىنسانلار ھايات پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن ئۈچ لاگېرغا بۆلىنىدۇ: بىرىنچىسى، ھايات پەقەت بۇ ھاياتى دۇنيادا دەپ باقى ئالەمگە ئىشەنمەيدۇ. بۇ لاگېرغا قاملىپ قالغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادا قىلغان ئىش ـ ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى پەقەت دۇنيادىكى ياخشى ـ يامانلىققا قىياس قىلىش بىلەن ئۆلچەيدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە نەتىجە ئېتىبارى بىلەن دۇنيادا پايدا ئېلىپ كېلىدىغان ھەرقانداق ئىش ـ ئەمەل ياخشىلىق، يامانلىق ئېلىپ كېلىدىغان ھەرقانداق ئىش ـ ئەمەل يامانلىق ھېساپلىنىدۇ. بەلكى شەيئىلەرنىڭ ئۆزلۈك ماھىيىتىدە شارائىتقا قاراپ نەتىجە ئېتىبارى بىلەن ھەم ياخشىلىق ھەم يامانلىق بار دەپ قاراشنى دۇرۇس بىلىدۇ.

ئىككىنچىسى، ئۇلار ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدۇ، بىراق ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادا قانداق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىشىدىن قەتئىينەزەر بىر شەخسكە ياكى ئۇلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرىتى ئۈچۈن ئالدىن ئۆزلىرىنى پىدا قىلغان كىشىلەرنىڭ شاپائىتىگە ئۈمىد باغلاپ خاتىرجەم ياشايدۇ، ياكى ئۇلار ئۆزلىرىنى "بىز ئاللاھنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرى، شۇڭا بىز ھەرقانچە چوڭ گۇناھ سادىر قىلساقمۇ، ئاللاھنىڭ ئازابى بىزگە پەقەت شەكىلدە كېلىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ" دەپ قارايدۇ. جانابى ئاللاھ ئۇلارنىڭ بۇ خاتا پەرزىنى ئىنكار قىلغان ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام



ئارقىلىق ئاقىۋەتتە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادىكى قىلمىشلىرىغا مۇناسىپ جازاغا ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشقا ئەمرى قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار: "بىزنى دوزاخ ئوتى ساناقلىق كۈنلەرلا كۆيدۈرىدۇ" دەيدۇ. (ئۇلارغا) سىلەرگە ئاللاھ شۇنداق قىلىشقا ۋەدە بەرگەنمۇ، (ۋەدە بەرگەن بولسا) ئاللاھ ۋەدىسىگە ھەرگىزمۇ خىلاپلىق قىلمايدۇ، ياكى ئۆزەڭلار بىلمەيدىغاننى ئاللاھ نامىدىن دەۋاتامسىلەر؟" دېگىن. ئۇنداق ئەمەس (سىلەرنى دوزاخ ئوتى كۆيدۈرىدۇ)، گۇناھ قىلغان ۋە گۇناھقا چۆمۈپ كەتكەنلەر ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.» (سۈرە بەقەر 80 ـ 81 ـ ئايەتلەر).

بۇنداق ئەقىدىدە بولۇش شۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ پۈتۈن پايدىلىق ئىش ـ ئەمەلىنى ئاخىرەتكە بولغان ئىمانى بىلەن قوشۇپ نۆلگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. دەرھەقىقەت بۇ ئىككىنچى لاگېردىكى ئادەملەر بىرىنچى لاگېردىكى كىشىلەرنىڭ سېپىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

ئۈچىنچى لاگېردىكى كىشىلەر، ئۇلار ئىسلامىيەت ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش يوللىرىنى قانداق لايىھەلەپ بەرگەن بولسا شۇ بويىچە توغرا ۋە دۇرۇست مەنىدە ئىشىنىدۇ. ئاللاھ تەئالا بىلەن خۇسۇسى ئالاقىدا بولۇش بابىدا خاتا چۈشەنچە ۋە يامان تونۇشقا چۈشۈپ قالمايدۇ، شۇنىڭدەك كۇفرانى خاراكتېرلىك خاتا گۇمانغا ياكى غەيرى دۇرۇس شاپائەت زەنجىرىگە باغلىنىپ قالمايدۇ. بۇنداق ئەقىدىدە بولۇش مەزكۇر كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا يوقىرى بېسىملىق ئەخلاق ئېنېرگىيىسىنى

شەكىللەندۈردى. يۈرەك قاپقىقىدا ۋە ۋىجدانىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئاخىرەتكە بولغان ئىمان ئۆلچىمىنى توغرا تۇرغۇزغان شەخسلەرنىڭ ھال - ئەھۋالى شۇنداق بىر ئادەمنىڭ ھالىغا ئوخشايدۇكى، خۇددى ئۇ ئادەمنىڭ ھەر بىر باسقان قەدىمىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان سۈنئىي ھەمرا يەرلەشتۈرۈپ قويغاندەك، ياكى ئالغان تىنىقىنى ھەم لىنتىغا ئېلىۋالىدىغان يۇقىرى تېپلىق ئۈنئالغۇ جىھازى قىستۇرۇپ قويغاندەك ھەرقانداق بىر مۇنكەر قىلمىشلاردىن ياكى يامانلىققا يېتەكلىگۈچى ئىرادە ۋە نىيەتلەردىن ئۆزىنى تارتىدۇ، ھەتتا گۇناھ يولىغا بىر قەدەم سىلجىتىشنىمۇ قاتتىق ھەزەر قىلىدۇ. ئۇلار گۇناھ ئىشلىسە تۇتۇپ جازالايدىغان ساقچى يېنىدا بولسۇن ياكى  بولمىسۇن، ياكى بىلىنىپ قالسا جاۋابكارلىققا تارتىپ جازا بېرىدىغان مەھكىمە خادىملىرى سوتقا تارتسۇن ياكى تارتمىسۇن، ئاۋام خەلقنىڭ سۆز - چۆچەكى ۋە تاپا - تەنە، مالامىتىگە قالسۇن ياكى قالمىسۇن، بۇنىڭدىن قەتئىينەزەر ئىسلامىيەتكە يات ھەرقانداق ئىش - ئەمەللەردىن ھوشيارلىق بىلەن ئاگاھ تۇرىدۇ. چۈنكى ئىنساننىڭ روھىدا قاچانكى ھەممىدىن ھېساپ ئالغۇچى ئاللاھ تۇيغۇسى قارار ئالىدىكەن، ئۇنداق ئىنسان بۇ تۇيغۇ ۋە بۇ ھېسنىڭ تۈرتكىسىدە مەيلى يېنىدا باشقىلار بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئۆيىدە راھەتتە بولسۇن ياكى چۆلدە مۇشەققەتتە بولسۇن، قىسقىسى قەيەردە بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئاللاھنىڭ پەرز ئىبادەتلىرىگە ئەسلا سۇسلۇق قىلمايدۇ ۋە ھورۇنلۇق قىلىپ سەل قارىمايدۇ، شۇنىڭدەك ھارام قىلىنىپ چەكلەنگەن ئىشلارغا يېقىنلىشىشقا تېخىمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئەگەر يېقىنلىشىپ قالغۇدەك بولسا دەرھال ئۆزىنى تۈزەپ قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىدۇ ۋە خالىس،



سەممى تەۋبە قىلىپ شەپقەتلىك پەرۋەردىگارىدىن كەچۈرۈم سورايدۇ. ئىنساننىڭ ئەخلاقىنى تۈزىشى، توغرا يولدا مېڭىشى ۋە ساغلام مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن بۇنىڭدىن باشقا كۈچلۈك ۋە تەسىرى زور ھامىيچى قورال تاپالىشىمىز ئەسلا مۇمكىن بولمىسا كېرەك؟! جانابى ئاللاھنىڭ ھەممىدىن ئالىي ھوقۇققا ئىگە ۋە يۈكسەك قانۇنى بىرگە ئىنئام قىلغان بۇ مۇقىم ۋە دائىمى قىممەت ۋە ئەھمىيەتكە ئىگە ھەقىقەتلەرنىڭ روھى قىممىتىنى ئىنسان باقى ئالەمگە ئىشىنىشتىن ئىبارەت بۇ يۈكسەك ئەقىدىنىڭ پەزىلىتىدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىدە ۋە ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئۆزىنىڭ ئىزىق چىشلىرى بىلەن چىشلەپ بولسىمۇ تۇتۇپ تۇرالمايدۇ ۋە قايتۇرۇۋېلىشقىمۇ كۈچى يەتمەيدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئىسلامدا ئاخىرەتكە ئىشىنىش مەسىلىسى زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭسىز ئاللاھقا بولغان ئىمان ۋە پەيغەمبەرلەرگە بولغان ئىشىنىش ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ.

## هاياتلىقتا ئىسلامىيەتنىڭ ئەخلاق جەھەتتىكى نۇيۇز دائىرىسى

16 ـ بىز تەتقىقاتىمىزنىڭ ئالتىنچى تېمىسىدا ئىشارەت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىسلام — هاياتلىق نىزامىنىڭ ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت مەنبەسى ۋە ئۇنى كامالەتكە يەتكۈزىدىغان ئورگىنال ئاساسى. ئىسلامىيەت هايات يولىدا ئىنسانىيەتكە يولىيورۇق بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامىيەتنىڭ ئەخلاق قارىشىدا راھىبلارچە تەركى دۇنىيا بولۇش ياكى كاھىن ۋە دەرۋىشلەردەك ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ غار ۋە تاغلاردا بىر كىشىلىك ياشاش ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي جەمئىيەت ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قاتلىمىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئاساسلىق ئورگانىزمى سۈپىتىدە جەمئىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ شەخسلەرنىڭ كامىل ئىنسانلاردىن شەكىللەنگەن مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت ئىگىلىرى بولۇپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك سائادىتىنى قولغا كەلتۈرىشكە تۆھپە قوشۇش ئاساس قىلىنىدۇ. بۇرۇندىن تارتىپ خېلى كۆپ ساندىكى دىن ئادەملىرى ئەخلاق ئۈستۈنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ماھىيەتلىك كامالىتىنى پەقەتلا راھىبلىق تونىدا، بۇتخانا ۋە چىركاۋ ئىبادەتخانىلىرىدا قازىنىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدى. بىراق ئىسلامىيەت ئىجتىمائىي هاياتنىڭ قايناق دولقۇنىدا پىشىپ يېتىلىپ مۇھىت ئۇچىقىدا تاۋلىنىپ، ئومۇمىي ئىجتىمائىي هاياتتىن دەرس ئېلىپ ئەڭ ئالىيجاناپ ئەخلاق ۋە نادىر



پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. چۈنكى ئىسلام ئالدى بىلەن دۆلەت باشلىقى، ئۆلكە رەئىسى، ۋىلايەت ۋالىسى، ناھىيە هاكىمى، يېزا باشلىقىدىن باشلاپ تا كەڭ ئامما ھەتتا ھەر بىر ئائىلە ۋە ھەر بىر شەخسكىچە ھەممە ئىسلامى ئەخلاق بىلەن زىننەتلىنىشنى تەرغىب قىلىدۇ. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، پۈتۈن خەلقنىڭ شەخس ـ شەخس، توپ ـ توپ ئىسلام ئەخلاقى بىلەن زىننەتلىنىشى لازىم. ئىسلام بۇ ئالىيجاناپ ئەخلاق ۋە يۈكسەك پەزىلەتنىڭ ھەر بىر ئائىلىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ يېتەكچى بولۇشىنى ئىرادە قىلىدۇ. ئۇ ھەر بىر شەھەردە، ھەر بىر يېزا ـ كەنتتە هاكىملىق رولىنى ئىجرا قىلىشىنى، مەمۇرى ئورۇنلاردا، تىجارى زاۋۇت ـ كارخانىلاردا ئۆزىنىڭ تەسىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، نەتىجىدە ھەق ۋە ھەقىقەت، راستچىللىق ۋە ئادالەت، كىشىلىك مۇۋازىنەت ۋە باراۋەرلىك قانات يايغان سىياسەت ئۈستىگە تورغۇزۇلغان ھۆكۈمەت ۋە جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ، ھەتتاكى، ئۇرۇشتىن باشقا چىقىش يولى قالمىغاندىمۇ قانغا تەشنا بۆرە ۋە يىرتقۇچ هايۋانلاردەك ۋەھشىلىك ئەمەس، ئىنسانلىق شەرىپىگە ۋە مەدەنىيەت پرىنسىپلىرىغا رىئايە قىلىپ تەبەسسۇم ئىلكىدە تېنچلىق لوڭقىسى تەقدىم قىلىدۇ. ئىنسان قاچانكى ئاللاھتىن قورقۇش يولىدا ماڭسا، ئاللاھنىڭ قانۇنىنى ھەممىدىن ئالىي ۋە يۈكسەك قانۇن دەپ ئىشەنسە، ئاللاھنىڭ ئالدىدىكى جاۋابكارلىقىنى خاتىرلىگەن ھالدا ئىسلامنىڭ مۇقىم ۋە دائىمى زامان، ماكان ۋە مۇھىت چەمبىرىكىدىن ھالقىغان نىزام ۋە پرىنسىپلىرىغا ئاڭلىق رىئايە قىلسا، ئۇنداق ئىنساننىڭ ئىمتىيازى، ئالاھىدىلىكى پەقەت ئىبادەتخانىلارنىڭ تار دائىرىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي،

بەلكى جانابى ئاللاھنىڭ سادىق - راستچىل، ۋاپادار ۋە ئىشەنچىلىك بەندىسى سۈيىتىدە دۇنيا ئىشلىرىغا ئومۇمىي جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم كېلىدۇ.

مانا بۇ ئىسلام چاقىرىقىنىڭ قىسقا ئوبرازى. بۇ چاقىرىق بىرەر پەيلاسوپىنىڭ ياكى بىرەر پەلسەپىچىنىڭ خىيال يىپلىرى بىلەن نەقىشلىنىپ توقۇلغان تەلىماتى ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاقىرغان ۋە رېئاللىقتا ئەمەلى پاراكتىكا ھاياتىغا سىڭدۇرگەن، 14 ئەسىر ئۆتكەن بولسىمۇ ئۇنىڭ تەسىرى پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا پارلاق نۇر چېچىپ مىليارچە ئىنسانلارنىڭ قەلبىگە ھاياتى كۈچ بەخش ئېتىپ تۇرىدۇ.

ئاخىرقى سۆزۈمنى جانابى ئاللاھنىڭ: «ئۇلارنىڭ دۇئاسىنىڭ ئاخىرى: "جىمى ھەمدۇ - سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر" دېيىشتىن ئىبارەت» (سۈرە يۇنۇس 10 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن مۇبارەك سۆزى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن...

ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدى